# قەشقەر شىۋيۈەن

ئىلمىي ژورنىلى



1981

1

# قەشقەر سىفەن شۆيۈەن

## ئىلمىي ژورنىلى

1981 - يىل 1 - سان

(ئومۇمىي 2 - سان)


## مۇندەرىجە


سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى توغرا تونۇش كېرەك
.................................. ئابلىكىم ھەسەن 1

قەشقەر شەھرىگە ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار
.................................. ئىبراھىم نىياز، مەمتىمىن قۇربان 8

ئۇيغۇرلار تىببىي ئىلمىگە قېدىمدىنلا ئەھمىيەت بەرگەندۇر
.................................. مەھەممەت ئوسمان 20

تىل-ئەدەبىيات ۋە تەبىئىيەن .................................. جاپپار روزى 38

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر توغرىسىدا
.................................. ئابدىكېرىم باقى 25

لۇنجىك ۋە ئۇنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى توغرىسىدا .................. ۋاھىتجان غوپۇر 34

شېئىرىيەتتىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەسىلىسى توغرىسىدا
.................................. سەمەت دوگايلى 48

بىردەكلىك ئۇسۇلى ۋە بىر قانچە مىسال .................. تاش مەھەممەت 56

تار نىسپىلىك نەزەرىيىسى ۋە تار نىسپىلىك نەزەرىيە مىخانىكىسى
.................................. ئەلانۇر نىياز 64

ئېينىشتېين ۋە ئاتوم بومبىسى .................................. 72


مۇقاۋىسىنى تۇردى ئىمىن، خالىق لايىھىلىگەن

# سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى توغرا تونۇش كېرەك

ئابلىكىم ھەسەن

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈم ئورنىنى ئىگىلىشى — ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر چوڭ سەكرەش، ئىنسانلار جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى ئۇلۇغ ئىنقىلاب. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ماھىيەتتە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمگە نىسبەتەن كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە. بۇ نۇقتا ئاللىبۇرۇنلا ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىسپاتلانغان ئىدى. لېكىن، „4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىگىلىكنى تەڭشەش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمىمىزگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈن 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئانچە كۆپ بولمىغان، 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى ھەتتا 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە گەۋدىلىك بولالمىغان گۇمانىي قاراشلار "4 كىشىلىك گۇرۇھ„ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن بىر قەدەر كۆپىيىپ قالالىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ.

يىغىپ ئېيتقاندا كۆپ يىللاردىن بېرى بىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە بولغان تەشۋىقاتتا مۇتلەقلەشتۈرۈش، ئاددىيلاشتۇرۇشتەك ئىللەتلەر ئارقىمۇ - ئارقا يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە " 4 كىشىلىك گۇرۇھ„ نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە يۈز بەرگەن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار تۈپەيلىدىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىمۇ ھەقىقەتەن ئوبدان جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەر نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئەمەلىي مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالمىدى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە نىسبەتەن گۇمانىي كۆز قاراش پەيدا بولۇپ، ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى ئېنىق ئايرىيالمىدى. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىگە ئېغىر تەسىر يەتتى.

يۇقۇرقى ئەھۋاللار بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تارىخىي ۋە دىئالېكتىكا نۇقتىسى نەزەرى بىلەن ئىگەللەش بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ رىيالنى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى نېمە؟

سوتسىيالىستىك ئىختىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاددىي ۋە كۆرسەتمىلىك ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. دى-

ئالىكتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن رىيالنى زىددىيەتلەرنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەپ، راستۋە يالغاننى پەرقلەندۇرۇش كېرەك.

ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈمى - لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ يالغان سوتسىيالىزىمى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. ماركسىزىمچى كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ تەھلىلى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ۋە يۇقۇرى دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى - سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىگى بولۇپ، بۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمدىن ئەۋزەل بولۇشىنىڭ تۈپكى نۇقتىسىدۇر.

لىن بياۋ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" كاشىلىك قاتارلىقلار 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇلار كورۇنۇشتە "سوتسىيالىزىم" بىلەن شۇغۇللانغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە فېئودال فاشىزىم بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار كوككە كوتەرگەن "سوتسىيالىزىم" نامرات - قالاقلىق ۋە ئىستىبدات ھوكۇمرانلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ئۇلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا قارشى تۇردى. ئۇلار خەلقنىڭ ھاياتماماتىغا قارىماي، "سوتسىيالىستىك نامرات دولەت لازىم"، "سەككىز يۈز مىليون خەلقنىڭ تۇرمۇشى جاپا - مۇشەققەتلىك بولسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق" دىگەن بىر نىمىنى كوككە كوتەردى. ئەگەر بۇ خىل نىقاپلانغان "سوتسىيالىزىم" ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلسە، ئۇ ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىگىنى توغرى تونۇش مۇمكىن ئەمەس.

سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىشى - تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يونىلىشى، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن كاپىتالىستىك خۇسۇسىي ئىگىلىنىشتىن ئىبارەت ئانتىگونىستىك زىددىيەت پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇم مۇلۇكچىلىك ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن ھەل بولىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلىنىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋى كىشىلەر ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىگىنى چۈشۈنۈشتە مانا مۇشۇ تۈپ نۇقتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى «كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار مۇلۇكچىلىگى» دەپ ھۇجۇم قىلىشتىكى مەخسىتى - سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىمىزنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، سىنىپىي كورەشنى كېڭەيتىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلاش ئىدى.

مېنىڭچە، سوتسىيالىستىك مۇلۇكچىلىكتىن ئىبارەت تۈپ نۇقتىنى چۆرىدىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىگىنى تۆۋەندىكى 5 نۇقتا بويىچە مەركەزلەشتۇرۇپ كورسىتىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى: سوتسىيالىستىك ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلىرىدىكى تۈپ ئوزگىرىشتۇر. ئۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن بولۇنۇپ كېتىش ھالىتىنى ئوزگەرتىپ، ئەم-

گەكچىلەرنىڭ ئورنى بىلەن ئەمگەكنىڭ خاراكتېرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. كاپىتالىزمدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كاپىتالىستلار ئىگەللەپ ئالغانلىقى ئۈچۈن ئىشچىلار ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئېزىلىشكە ئۇچرايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەزى ياخشىلىنىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالىستلارغا ياللىنىپ قۇل بولۇش ئورنى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئۆزگەرگىنى يوق.

سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى — ئەمگەكچىلەرنى ئۆتمۈشتىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىش ئورنىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇردى. گەرچە ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ زىچ بىرلىشىشىدە قەدەممۇ-قەدەم راۋاجلىنىپ بارىدىغان بىر جەريان بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگە يېتىشمىسىمۇ لېكىن، بۇ بىر تارىخىي مەزگىللىك ۋاقىتلىق ھادىسە، ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ بىر ماھىيەتلىك پەرق، شۇنداقلا يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرىدىغان زور ئۆزگىرىش. مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تېخى تۆۋەن بولۇش سەۋەبى تۈپەيلىدىن، گەرچە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئىككى خىل شەكلى مەۋجۇت. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ سىستېمىسى تېخى تولۇقلانمىغان، ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ھەقىقىي ئايلىنىش ئۈستىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەل قىلغۇچ تەرەپنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى: ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئورتاق ئىگىلىشى پۈتۈن ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ئورتاق تۈپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنىڭ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ ئاساستا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە يولداشلارچە ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان مۇناسىۋەت ۋە يېڭى ئەخلاقىي پەزىلەت بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئورتاق مەنپەئەت ۋە يېڭى تىپتىكى مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغۇتۇپ كىشىلەرنى ئورتاق غايە ۋە ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، لىن بياۋ "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇزغۇنچىلىقى شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ يەنىلا مۇنقەرز بولمىغانلىقى، بۇ ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى: سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئون مىڭلىغان ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە خەلق ئىگىلىك تارماقلىرىنى تۈپ مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ئىگىلىك ھەرىكىتىنى پىلانلىق تەشكىللەشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بولىدۇ. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى

نى ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بولسا، بۇ ئىشلار چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. كاپىتالىستلار گۇرۇھىنىڭ كەسكىن قارىمۇ-قارشىلىقى تۈپەيلىدىن ھەل قىلىپ بولمايدىغان رىقابەت، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقىنىڭ كرىزىسى پەيدا بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىسراپچىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى كېلىپچىقىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە پىلانلىق ئىقتىسات ياخشى يولغا قويۇلمىسا ھەمدە ئۇ ئىقتىسادى قانۇن ۋە ئەمەلى ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولمىسا، ئىنتايىن زور ئىسراپچىلىق ۋە زىيان كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن بۇ جەمئىيەت تۈزۈمىدىن كېلىپچىققان بولماستىن، بەلكى خىزمەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن بولىدۇ. بۇ خىل ساۋاق بىزنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىمىزدىمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. مانا بۇ بولسا، سوبيېكتىۋ تونۇشنىڭ ئوبيېكتىۋ ئىقتىسادى قانۇنىيەتكە خىلاپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

تۆتىنچى: ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان مەقسىدىنى بەلگىلەيدۇ. ماركس كورسەتكەندەك كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمەيدىغان مەقسىدى ئەڭ ئاز كاپىتال سېلىپ ئەڭ زور دەرىجىدە قوشۇمچە قىممەت ياكى قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى خەلقنىڭ كۈنسىرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈپ پەرق سوتسىيالىستىك ئوبيېكتىۋ شەرت-شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋى، ئۆتكەندە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى قىلالماي كورۇلگەن سەۋەنلىكلىرىمىزنى دەپ، بۇ تۈپ پەرقنى يوققا چىقىرىشقا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ بۇ بىر تۈپكى ئارتۇقچىلىقىنى كورمەسلىككە سېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

بەشىنچى: سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەھسۇلاتلارنىڭ تەخسىماتىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ھەقسىز ئىگەللەپ ئالىدىغان ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىلگەن بولىدۇ. ئەمگەك ئۆلچەم قىلىنىپ، كوپ ئىشلىگەن كوپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەن ئاز ئېلىش، ئىشلىمىگەن چىشلىمەسلىك پىرىنسىپى يولغا قويۇلغان بولىدۇ. قىسقىسى، «قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش» پىرىنسىپى يۈرگۈزۈلىدۇ. مانا بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەقىقى پىرىنسىپ. لېكىن، نوۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ماددى ئاساس ئاجىز. شۇڭلاشقا ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئىجرا قىلىش يېتەرسىز. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا. بۇ ئەھۋالنى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توغرى چۈشۈنۈپ كېتەلەيدۇ.

دېمەك، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىر جۈملە سوز بىلەن يىغىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىيلاشقان

چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز - ئارا بىرلىشىشىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىش، ئەڭ ئاز ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، كاپىتالىزىمغا نىسبەتەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

## 2. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر تارىخىي جەريان كېرەك

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە سەۋىيىسىگە چوقۇم ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك دېگەن ئومۇم قانۇنىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكىمۇ ماس كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ راۋاجلىنىشىدا بىر جەريان بولغانلىقى ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئۈچۈنمۇ راۋاجلىنىش جەريانى بولۇش كېرەك، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ پىششىپ يېتىلىش دەرىجىسى، خۇسۇسىيىتى ۋە شەكلى، ئەۋزەللىكىنىڭ ئەكس ئېتىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىدىمۇ بىر تارىخىي جەريان بولىدۇ. باسقۇچتىن ھالقىغان ھەرقانداق ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى ئەكس تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ، خالاس!

پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن تارتىپ كوممۇنىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغىچە بولغان جەريانىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

1) كاپىتالىزىمدىن سوتسىيالىزىمغا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى دەۋر.

2) تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىزىم باسقۇچى.

3) تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزىم باسقۇچى.

4) كوممۇنىزىم باسقۇچىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىز ھازىر تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا تۇرماقتىمىز.

مېنىڭچە بۇ باسقۇچ تەخمىنەن 100 يىل ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ھەم ئىلغار ھەم ناھايىتى پىششىپ يېتىلمىگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە رەتكە سېلىنىشقا، تولۇقلىنىشقا توغرى كېلىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇخىل تارىخىي جەريان ھېسابقا ئېلىنمىساي، تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئەۋزەللىكنى ھازىرقى تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىزىم باسقۇچىنىڭ ئەۋزەللىكى دەپ قارىساق، كەلگۈسى قىلىنىدىغان ئىشنى

هازىرقى باسقۇچتا قىلىشقا تېگىشلىك دەپ مەجبۇرلىساق ئۇۋاقىتتا ئۇنى ئورۇنلاشقا مۇمكىن بولمايلا قالماستىن بەلكى تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. ئوتكەندە بىزنىڭ بۇجەھەتتە تارتقان زىيانلىرىمىز ئازئەمەس. ئۆزۈندىن بىرى «سول» خاھىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلسىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن دەپ خاتا تونۇپ قالدۇق. مەملىكىتىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئاساس قىلماي خاتا هالدا ئومۇم مۈلۈكچىلىك ئىقسادىنىڭ دائىرىسى قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى دەپ تونۇدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم نامرات ئوتتۇشكە ئالدىراپ ئىختىيارىمىزچە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئورۇندۇق. نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىقتىسادى تەرەققىياتمۇ ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى. تەخسىمات جەھەتتە ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمگەك جەھەتتىكى پەرقنى ئىنكار قىلىپ كەمبەغەل بىلەن باينى تەڭشەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۈچ چوڭ پەرقنى يوقۇتۇشقا، تووار ئىقتىسادىنى يوقۇتۇشقا، ئىش ھەققىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، پۇلنى بىكار قىلىشقا ئورۇندۇق. بۇمەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى توپ سەۋەپ، سوتسىيالىستىك جەمىيەتنىڭ باسقۇچلىقىنى ئېنىكار قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە چوقۇم ئۇيغۇن كېلىش قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش، ئادەمنىڭ سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى مۇبالىغە قىلىشتىن ئىبارەت، ئەھۋال مۇنداق تۇرۇغلۇق سوتسيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىگىنى قانداقمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولسۇن!

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، گەرچە نوۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى تەرەققى قىلغان سانائەت دولەتلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىسىمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزدا بىر نەچچە قېتىم ئەگىز - پەسلىك يۈزبەرگەن بولسىمۇ، لېكىن 30 يىلدىن بىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزگە كوز يۇمۇشقا بولمايدۇ. 1979 - يىلغىچە بەرپا قىلىنغان سانائەت كارخانىلىرىمىز 350،000، ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 320 مىليارت يۇەنگە يېتىپ، بۇ تەخمىنەن كونا جۇڭگو يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە توپلىغان مۇقىم مۈلۈك قىممىتىدىن 25 ھەسسە ئارتۇق، بۇ بىزنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ماددىي ئاساس بولماقتا. خەلق ئېگىلىگىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇددىتىگەرچە بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەرەققى قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا يانىلا تېز بولدى، دېيىش كېرەك. شۇنى كورۇۋېلىشقا بولۇدىكى؛ ئەگەر ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىش كورسەك چوڭ سەۋەنلىك يۈز بەرمىسە، بولۇپمۇ لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گورۇھ» كەلتۈرگەندەك چوڭ بۇزغۇنچىلىق يۈز بەرمىسە، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇلسا، ئۇ ۋاقىتتا، خەلق ئىگىلىگى تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى چوقۇم تېز بولىدۇ. نەتىجىمۇ چوقۇم زوربولىدۇ. يېقىنقى

ئۈچ يىللىق ئەھۋال بۇ نۇقتىنى يەتەرلىك
ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. 1979 ـ يىلى بىلەن
1976 ـ يىلنى سېلىشتۇرغاندا يېزا ئىگى-
لىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15.8%
ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممى-
تى 40.2% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات
بويۇملىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى تەرتىپكە
سېلىش، ئىش ھەققىنى تەرتىپكە سېلىش،
مۇكاپات سوممىسى تارقىتىش ئارقىلىق ئىش-
چى ـ خىزمەتچىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمى
ئون نەچچە مىليارت يۈەن ئاشتى. ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق جاي قۇرۇلۇشى-
غا بېرىلگەن مەبلەغ 1978 ـ يىلدىكىدىن
83% كۆپەيدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر نەچ-
چە ئون يىللىق زىياننى قىسقىغىنە مەزگىل
ئىچىدە تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس،
ئەلۋەتتە.

سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈ-
زۈمىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ
جارى قىلدۇرۇلغانلىقىغا تەڭ بولمايدۇ.
سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى-
نىڭ ئەۋزەللىكى پەقەت بىر خىل مۇمكىن-
چىلىك. بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ رېئاللىق-
قا ئايلىنىش ـ ئايلانماسلىقىدىكى ھالقىلىق
مەسىلە بىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇ-
نىيەت ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىنىڭ تەلىپى
بويىچە ئىش قىلىش ياكى قىلالماسلىقىمىز-
غا باغلىق. ئەگەر بىز ئوبيېكتىپ ئىقتىسا-
دىي قانۇنىيەت تەلىپى بويىچە ئىش قى-
لىش جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىز-
نى يەكۈنلەش ئاساسىدا پارتىيىنىڭ لۇ-
شيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ مۇكەممەل-
لىشىشىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئاك-
تىپچانلىقىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرساق
سوتسىيالىستىك ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈ-
مىنىڭ ئەۋزەللىكى كۈنسېرى تولۇق جارى
بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 ـ قۇرۇلتىيىدىن
كېيىن، بولۇپمۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كې-
يىن پارتىيىمىز بىر يۈرۈش مۇۋاپىق لۇ-
شيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قوي-
غانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز-
نىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، يېزا ئىگى-
لىكى، سانائەت، مالىيە، پەن ـ مەدەنىيەت،
قانۇن، دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە قا-
تارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈ-
نەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. خەلق
تۇرمۇشىمۇ بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. بۇنى
قالايمىقانچىلىق مەزگىلى بىلەن ھەرگىز
سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئوبيېكتىپ
ئىقتىسادىي قانۇن ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىنى
بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش
ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇر-
غۇن مۇرەككەپ بىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەر-
يانىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئوتتۇ-
رىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، ئەمەلىيەتتىن
چوڭقۇر ئۆتكۈزىدىغان، ئامما بىلەن زىچ مۇ-
ناسىۋەتتە بولىدىغانلا بولساق، زىددىيەت
ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدۇ. ئەگەر، بۇنىڭ ئەك-
سىچە، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتماي، مەغرۇر-
لۇنۇپ، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالساق، سۇ-
بيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىك كېسىلىگە گى-
رىپتار بولىمىزدە، قانۇنغا خىلاپ قارار چى-
قىرىمىز. ھەتتاكى ئۆتكەنكى خاتالىقلىرىمىزنى
تەكرارلايمىز ياكى باشقىلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خا-
تالىقلىرىنى تەكرارسادىر قىلىمىز. ئەۋزەل تۈ-
زۈم ئاستىدا چاكىنا ئىش قىلىپ قويىمىز.
پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش
پرىنسىپىنى بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى
ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خاتالىقلىرىمىزنى
تۈزەتسەكلا ساۋاقلىرىمىزنى ماددىي بايلىققا
سەلبىي تەرەپنى ئىجابىي تەرەپكە ئايلاندۇ-
رالايمىز. يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەت ۋە
يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، سوتسى-
يالىستىك تۈزۈمدىن گۇمانلىنىدىغان قا-
راشلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

# قەشقەر شەھرىگە ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار

ئىبراھىم نىياز، مەمتىمىن قوربان

قەشقەر ـ ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئېلىمىزنىڭ غەرپ بىلەن بولغان سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، خېلى بۇرۇنلا كىشىلەر ئەنە شۇ قەشقەر ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە خەلقلەر بىلەن باردى ـ كەلدى، سودا ـ سېتىق قىلغان. شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيىتى بۇ جاينىڭ تەرەققىياتىغىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينى تارىخىي دەۋرلەردە قەشقەر ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە مەلۇم دەۋرلەردە سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا گۈللىنىش تەرەققىياتى ۋە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىلىرى بىلەن دىققەت نەزەرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن.

قەشقەر دېگەن ئاتالما ھەققىدە چەتئەل ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرى تۈرلۈك تەبىر ۋە پىكىرلەرنى يۈرگۈزۈپ، بۇ شەھەرنىڭ يۈكسەكلىكىنى ئىپادىلەپ كەلدى. بەزىلەر: ئەرەبلەر بۇ شەھەر قەلئەسىنىڭ كۆركەم، مۇستەھكەملىكىگە قاراپ مۇداپىئە ئىشلىرىدا پۇختا دەپ ھېسابلىغان. بۇلار ئۆز تەبىرلىرىدە ھىجرىيىنىڭ 96 ـ يىلى (مىلادى 715 ـ يىلى) پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن ئەمىر قۇتەيبە قوماندانلىقىدىكى ئەرەبلەر بۇ نامنى بەرگەن دېمەكچى بولىدۇ.

بەزىلەر: بۇددىستلار بۇ شەھەرنى مۇقەددەس ئورۇن ھېسابلاپ «بەيتۇللا» (خۇدانىڭ ئۆيى) دەپ ئاتىغان ئىدى دېيىشكەن. ئۇلار ئۆز ئىسپاتىدا بىر زامانلاردا بۇددا (شامان) دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بۇ جاينى مۇقەددەس ئورۇن ساناپ «كاش ـ ناگار» دەپ نام بەرگەن، دەيدۇ. دېمەك، بۇددىستلار تىلىدا «كاش ـ خۇدا، ناگار ـ ئۆي ①» دېگەن بولۇپ، «بەيتۇللا» دېگەن بولىدۇ دېيىشكەن. يەنە بەزىلەر: بۇ يۇرتتىكى نەقش ـ ئويما ۋە «كاشا» ئاتالغان گۈللۈك قول سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىغا قاراپ كاشا سەنئىتىنى ئىگەللىگۈچى (تۇتقۇچى) مەنىسىدىكى «كار» ياكى «ئېر» دېگەن نامنى تۇتقا قىلىپ بۇ شەھەرنى «كاشاكار» ياكى «كاشائېر» دېگەن ئىدى، دەيدۇ. ② بەزىلەر يەنە تۆمەن دەرياسىنىڭ لېۋىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۈپتۈز بىر قاش بولۇپ، ئۇ، ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى كۆركەملىك، ئېگىزلىك جەھەتتە دىققەتنى جەلب قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ شەھەر شۇ گۈزەللىكى بىلەن تەسۋىرلىنىپ «قاشنىڭ قىرى» دەپ ئاتالغان ئىدى دېيىشىدۇ. دېمەك، قەشقەر دېگەن ئاتالما ئەشۇنداق ئىبارىلەر بىلەن تەسـ

---

① «تارىخىي خەمس»كە قارالسۇن.

② «چىڭگىزخان تەخەللۇسى»دىن ئېلىندى.

ۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئاتالمىلار ۋە بىرىلـ
گەن تەبىرلەر گەرچە بۇ نامنىڭ كېلىپ چىـ
قىش ئاساسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېـ
رەلمىسىمۇ، ھەرھالدا كىشىلەر بۇ شەھەرنىـڭ
شەرىپى، يۈكسەكلىكى ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتـ
لىرىنى قوشقان. بىراق، زامانلارنىـڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن [redacted] بۇ نام ۋە ئۇنىڭ ماھىيەت ئاساسى
ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، تەلەپپۇزدا «قەشقەر»،
يېزىلمىلاردا «كاشغەر» دىگەن ئاتالما ساقـ
لىنىپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس
مەخمۇت قەشقىرى ئۆز تەخەللۇسىنى «قەشـ
قەرى» دەپ ئاتىشى ئەنە شۇنىڭ دەلىلىدۇر.

دىمەك، قەشقەر دىگەن ئاتالما ئەنە شۇنـ
داق تەبىرلەر ئارقىسىدا: مۇشۇ يەردە ياـ
شاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مىللى
ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ بارغان شەـ
ھەر قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق سەنئىتى، بوـ
لۇپمۇ ھەر خىل نەققاشلىق ھونىرىنى مۇ-
جەسسەملەپ بەرگەن تەبىر دىيىشكە بولىسـ
مۇ، يەنىلا يولداشلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدـ
نىپ تەتقىق قىلىشىغا باغلىق دەپ قارايمىز.

قەشقەر پەقەت مۇشۇ شەھەرنىڭلا خاس
نامى بولۇپ، ئۇ قەشقەرىيە دەپ ئاتالغان
جايلارنىڭ ئىسمى ئەمەس. چۈنكى، «قەشـ
قەرىيە» كەڭ مەنىدىكى ئىسىم بولۇپ، ئۇ
ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىن ھالـ
قىپ، ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان جەنۇبى
شىنجاڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، شۇ
كەڭ دائىرىنىڭ سودا، مەدىنىيەت مەركـ
زى قەشقەر شەھرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بىزنىڭ بۇ يەردە توختالغىنىمىز قەشقەرىيە
بولماستىن، بەلكى ئەشۇ مەركەز قەشقەر ئاـ
تالمىسى ئۈستىدىلا ياردى.

## قەشقەر شەھرىنىڭ ياسىلىشى

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەشقەر شەھەر
قەلئەسىنىڭ 3قېتىم جايى ئالماشقان بولۇپ
بىرىنچى قېتىملىق ئورنى ئاتۇشتىكى مەشـ
ھەت دىگەن جايدا ئىدى. بۇ قەلئە يەر تەۋـ
رەش زىلزىلىسى بىلەن ۋەيران بولغان.
ئىككىنچى قېتىملىق ئورنى ئاتۇش يولىدىـ
كى «خان ئوي» دىگەن جايغا يۆتكەلگەن.
پايتەخت خان ئويگە يۆتكەلگەندىن كېيىن،
خېلى زور يۈكسۈلۈش ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىـ
دى. بۇ جاي گەرچە «قارا خانىلار»، بولۇپـ
مۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە
تەختگاھ بولغان بولسىمۇ، مەلۇم زاماندىن
كېيىن، يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە
سۇ يولىنىڭ توسۇلۇشى تۈپەيلىدىن ئۇ
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھەمدە ئاستا ـ ئاسـ
تا خاراب بولغان. ئۈچىنچى قېتىملىق ئور-
نى ھىجرىيەنىڭ 940-يىلى (مىلادىيە1533-
يىلى) مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن ھازىرقى قەلـ
ئەنىڭ بىرقىسمى بولغان ئورۇنغا يۆتكۈـ
لۈپ، ئاۋات قىلىنغان ئىدى. لېكىن قانداق سەـ
ۋەپتىندۇر، شەھەرنىڭ ئورنى ئۆزگەنىسبەتەن
كىچىك بولۇپ، ھازىرقى قەلئەنىڭ يېرىمىغا تەڭ
كېلەتتى. بۇنىڭدىن خەلق ئىچىدە «ئىچكىرىكى
شەھەر» دەپ ئاتالغان قىسمى ساقلىنىپ كەلگەن.
«توققۇزاق دەرۋازا»، «قارىقى دەرۋازا» دىـ
گەنناملار ① دائىرىسى ئىچىدىكى ئورۇن
ئەنە شۇ بۇرۇنقى شەھەر قەلئەسى بولۇپ ھىـ
ساپلىنىدۇ. گەرچە بۇ شەھەر كىچىك سېلىنـ
غان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرنىڭ تەلىۋى
كېڭەيتىشنى خالىمىغانلىقتىن، بۇ تارچىلىقنى
كېڭەيتىشكە توغرى كەلمىگەن. پەقەت 18-
ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا كەلگەندە زو-

① بۇ ناملاردىن ھازىرگۈزەرنىڭ ناملا ساقـ
لىنىپ كەلدى.

هۇرىدىن هاكىم بەگ ئەرىپىدىن ئۇزگەرتىلىپ هازىرقى «تاشقارقى شەهەر» دەپ ئاتالغان قىسمى قەلئە ئىچىگە قوشۇلۇپ، سېپىل بىلەن ئىهاتەلەندۇرۇلدى.

زوهۇرىدىن هاكىم بەگ تۇرپانلىق ئۇيغۇر كىشى ئىدى. ئۇ قەشقەردە هاكىم بەگ ئۇنۋانى بىنەن 20 يىلدەك هوكۇم سۇردى. بۇ دەۋردە ئۇ خەلق ئۇستىدىن نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى ئىشلەتكەن. بولۇپمۇ سېپىل ياساشقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ۋاقتىسىز ئۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرگە نىسبەتەن بەزىبىر پايدىلىق ئىشلارنىمۇ قىلغان. ئۇ كوپلىگەن بىنامىيەرلەرنى ئاچقۇزۇپ تېرىلغۇ كولىمىنى كېڭەيتىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق ئوستەڭلەرنى قازدۇرۇپ، ئاشلىق ۋە باشقا ئىگىلىكنى يۇكسەلدۇرگەن ئىدى. قەشقەر شەهرىنى كېڭەيتىشىمۇ ئۇزى بىۋاستە يولباشچىلىق قىلغان ۋە قاتناشقان. بۇ هەقتە شۇ دەۋرنىڭ مەشهۇر يازغۇچىسى، شائىرى، ئاتاغلىق مۇتەپەككۇر ئابدۇرېهىم نازارى ئۇز شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

كى بىنىرمىڭ ئىككى يۇز ئەللىك بەش تارىخىي پەيغەمبەر ①
بىنا قىلدۇردى شەهەرنى شاه زوهۇرىدىن بەلەند ئەختەر ②
دىئايارى خىلىنىڭ هالىغا رەهمە ئەيلەپ هىدا دىيەدىن،
قىلىپقەلئەنىمەهكەمگوياسەددى ئىسكەندەر.

نوروز ئاخۇن كاتىپمۇئۇزشېئىرىدازوهۇرىدىن هاكىم بەگنى مۇنداق دەپ كۇيلىگەن ئىدى:

شاه زوهۇرىدىن سۇلۇيئامبال قىلىپ شەهەرى بىنا،
هىممەت ئالغان بۇ شاهنىڭ، بارىكاللا مەرهايا!
ئەلئەدەر سائادەت ③ ۋە قىلمىشتۇر پەلەكتىن بىر نىشان،
بۇ بىنا تەمىرنىڭ تارىخىغا ئەختەرنىدا. ④

يۇقۇرقى شېئىرلاردىن زوهۇرىدىن هاكىم بەگنىڭ شەهەرنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە يۇكسەك ئورۇن تۇتقانلىقىنى بىلىنىدۇ.

شەهەرنىڭ بۇ قېتىمقى سېپىلىنى سوقۇشتا تولىمۇ تېز تۇتۇش قىلىنغانلىقتىن، بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا پۇتتۇرۇلگەن. يۇقۇرقى شېئىرلاردىن سېپىلنىڭ ئوخشىمىغان يىللار ئىچىدە بولغانلىقى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. دىمەك، ئابدۇرېهىم نازارى هىجرىيە 1255 ـ يىلنى كورسىتىدۇ. نوروز كاتىپ«ئەختەرنىدا»سىدا هىجرىيە1256ـيىلنىكورسىتىدۇ.مۇنداقتاقارىماققا ئارىلىقتا بىر يىل پەرق بولىدۇ. لېكىن بۇنى تەهلىل قىلىپ كورگىنىمىزدە هەر ئىككىسىنىڭ توغرا بولۇپ، 1255 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 1256 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا پۇتكەنلىكى مەلۇم. هەر هالدا 6 ئاي ئەتراپىدا ياسالغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

بۇ قېتىملىق شەهەر پىلانى ئەسلىدە شىمالدا تومەن دەرياسى، جەنۇپتا قىزىل دەرياسىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان هالدا ياندىشتۇرۇپ سېلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنىڭ چوڭ مولالىرىدىن بولغان مۇللا سادىق ئەلەم ۋە تۇردى شېيخ دىگەنلەرنىڭ ئارقىدا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ، قارشى چىقىشى بىلەن پىلان ئۇزگەرتىلىپ، كىچىكلىتىلگەن . بۇلار ئۇز شىكايىتىدە: «زوهۇرىدىن هاكىم بەگ ئۇزى تۇرپان-

---

① ـ هىجرىيەد.
②ـ ئۇستۇن يۇلتۇزلۇق، يۇقۇرى مەرتىۋە، بەختئىقباللىق.
③ ـ دەۋلەت پۇخرالىرى.
④ ـ ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن كېلىدىغان هادىسىلەر.

لىق بولغىنى ئۈچۈن، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ قەۋرىسىنى شەھەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرمەكچى» دىگەن گەپلەرنى تارقاتقان. بۇ سۆزلەردىن رەنجىگەن ھاكىم بەگ ئىسكەندەرۋاڭنىڭ ئاق مازار دەپ ئاتىلىدىغان گۈمبىزىنى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ، موللا سادىق ئەلەمنىڭ شىمال تەرەپتىكى تورە يارباغ دىگەن جايدىكى بېغى بىلەن تۆردى شېيخنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى قۇم دەرۋازىدىكى بېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تانا تارتىپ شەھەر دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، سېپىلنى ئۇلارنىڭ بېغى ئۈستىگە سېلىپ جازالىغان. شەھەرنىڭ ئەشۇ ھالىتى تاكى 50 - يىللارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى.

قەشقەر شەھىرى گەرچە زوھۇردىن ھاكىم بەگ تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ ئەمما يېڭىدىن قوشۇلغان جايلىرى بىردىنلا ئاۋات بولۇپ كەتمىگەن. بولۇپمۇ غەرب تەرەپتىكى ساسلىق بىلەن گۆرۈستانلىق كىشلەرنى كونۇكتۇرەلمىدى. پەقەت بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، جەنۇبتا قوزغالغانراشىدىن خوجا ئىنقىلاۋىي ① ئەسناسىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان بەدۆلەت (ياقۇپ بەگ) تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ غەرب تەرەپتىكى يېڭى قىسمى ئاۋاتلاشقان. بولۇپمۇ ھېيتكار جامەسىنىڭ بىنا قىلدۇرۇلۇشى ۋە بارلىق ھېيت - بايرام مۇراسىملىرىنىڭ بۇ جايدا ئۆتكۈزۈلۈشى بۇ قىسمىنىڭ تېخىمۇ ئاۋاتلىشىشىغا سەۋەپ بولغان.

ياقۇپ بەگنىڭ ئوردىسى ئاتالغان باش مەمۇرى ئورگانىنىڭ دەرۋازىسى شۇ تەۋەپكە قارىتىلغانلىقتىن، «ئوردا ئالدى» نامىنى ئالغان. شۇنىڭدەك ھېيتكار مەيدانى بىلەن ئوردا ئالدى ئارىلىقىدىكى جايچەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ چۈشكۈن خانىسى بولغانلىقتىن، بۇ ئەتراپ «ئەلچىخانا» دەپ ئاتالغان جايغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ ئاساسىي مەركىزى بولۇپ قالدى. 1880 - يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. قەشقەرگە كېلىپ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان لىجۈيا بەزى جايلارنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ ھېيتكار مەيدانى ئۆز رولىنى يوقاتمىغان ئىدى. ھىجرىيەنىڭ 1315 - 1317 - يىللىرى (مىلادىيە 1898 - يىللىرى) لۈيچى دارىن تەرىپىدىن شەھەرنىڭ غەربىگە يانداپ سالدۇرغان كىچىك قەلئە شەھەر دائىرىسىنى يەنىمۇ زورايتتى. بۇ كىچىك قەلئە يۇمۇلاق دائىرىلىك سېپىل ئىچىگە ئېلىنغانلىقتىن، خەلق ئۇنى «يۇمۇلاق شەھەر» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ غەربىگە قويۇلغان دەرۋازىسى بۇشەھەرنىڭ غەربى تەرىپىدىكى يېزىلارغا قاتنايدىغان ئېغىز بولۇپ قالغانلىقتىن، خەلق ئۇنى « يېڭى دەرۋازا » دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھرىنىڭ دەرۋازىسى 4 بولۇپ، شەھەر قاتنىشىدا خېلىلا ئوڭايلىق تۇغۇلدى.

ھىجرىيەنىڭ 1326 - يىلى ( مىلادىيە 1909 - يىلى ) لوشەنشۈي تەرىپىدىن يۇمۇلاق شەھەرگە بىر چوڭ يامۇل سالدۇرۇلدى. خەلق ئۇنى « شەتەي يامۇلى » دەپ ئاتىدى. 1912 -، 1923 - يىللىرى قەشقەردە دەۋر سۈرگەن ھەربىي قوماندان شەتەي لۈيجاڭ ماجىئۇ مۇشۇ جايدا تۇرغان ئىدى. ماجىئۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە يانداپ 4 قەۋەتلىك راۋاق سالدۇرۇپ، شەھەرگە سۈرلۈك تۈس پەيدا قىلدى. راۋاقنىڭ 4 ئەتراپى ئەينەكتىن پۈتتۈرۈلگەچكە، ئالاھىدە كۆركەملىك ھاسىل قىلغان ئىدى. راۋاق خېلىلا ئېگىزلىككە جايلاشتۇرۇلغانلىقتىن، راۋاقتا تۇرۇپ

---

① — ھىجرىيەنىڭ 1281 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 1864 - يىلى) كۇچار قوزغىلىڭى پارتلىغان.

قارىغان كىشى شەھەرنىڭ ئۇرغۇن جايلىرىنى كۆرۈپ تاماشىشە قىلالايتتى، شۇنىڭدەك راۋاقنىڭ ئالدىدىكى " يۇمۇلاق شەھەر كۆلى " دەپ ئاتالغان چوڭ كۆلنىڭ ھاۋاسى ۋە مەنزىرىسىدىن كوڭۇل ئاچالايتتى.

بۇ قورغانچىنىڭ ئەسلى نامى كونا گۈلۋاغ بولۇپ، مىلادىنىڭ 1554 - يىللىرى قەشقەردە ھوكۇمرانلىق قىلغان مىرزا ھەيدەر ياساتقان 4 باغنىڭ بىرى ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ باغ ۋەيران بولۇپ، گۈلباغلىق سالاھىيىتىدىن قېپقالغان ئىدى. جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. شۇنداق بولسىمۇ مانجۇلار بۇ يەردە يەنە ھەربى قىسىم تۇرغۇزدى. ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە يەنە تاشلىنىپ قالغان ئىدى. زوزۇڭتاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئەسكەرخانا قىلىش ئۈچۈن لۈيچى دارىن دىگەن ئادىمى ئارقىلىق بۇ لاگىرنى قايتا تۇرغۇزدى.

قەشقەر شەھرى يېقىنقى بىر ئەسىر داۋامىدا كونىشەھەر، يېڭىشەھەر دىگەن ئىككى قەلئەگە بولۇندى. 1854 - يىلى تۇڭ دارىن دىگەن كىشى تەرىپىدىن ياسالغان يېڭىشەھەر قەلئەسى بارلىققا كەلدى. يېڭىشەھەر قەلئەسى كونىشەھەرنىڭ جەنۇبىغا 9 كىلومىتىر كېلىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرسىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، بۇ قەلئە شۇ زاماندىن تارتىپ ھەربى لاگىر بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: ياقۇپ بەگنىڭ «قوش بەگلىك مەھكىمىسى»، زوزۇڭتاڭ ۋە ياڭ زىڭشىڭ دەۋرىدىكى " تىتەي يامۇلى "، جىنشۇ رىنىنىڭ " سىجاڭ يامۇلى "، گومىنداڭ دەۋرىدىكى جىڭبېي سىلىڭبۇ دىگەنلەر مۇشۇ شەھەردە ئورۇنلاشقان.

دىمەك، قەشقەر شەھرى "ئالتەشەھەر"نىڭ مەركىزى ئورنى ھىساپلىنىپ، ھەربى، مەمۇرى باشقۇرۇش باش ئورگانلىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرغۇزۇلغان.

## ھېيتكار جامەسى

ھېيتكار جامەسى قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ جامە بولۇپ، ئۇ قەشقەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە تارتماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ كۈن چىقىش تەرەپكە ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىسى، پەشتىغى، چوڭ گۈمبىزى، ئىككى تەرەپتىكى چىرايلىق مۇنارلىرى شەھەرگە ئالاھىدە تۈس بىرىدۇ.

جامەنىڭ قۇرۇلۇش سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىگى، بۇنىڭغا ئىشلىگەن دىلگاھ ۋە سەنئەتكارلارنىڭ نەقەدەر ماھارەتلىك ئىكەنلىگىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇيغۇر بىناكارچىلىغىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بىرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى پىششىق قىشلىق پەللەمپەيلىرى، پەشتاقلار، ئوڭ ۋە سولدىكى مۇنارىلار مەيدانىغا قاراپ بوي سوزۇپ تۇرىدۇ. مۇنارىلارنىڭ ئۈچىغا بىكىتىلگەن ئاينىڭ شەكلى سېرىق تۈچتىن ياسالغان بولۇپ، ئاسمان تەرەپكە قاراپ گويا ئۆز نۇرىنى پەستىن يۇقۇرىغا قارىتىپ چېچىۋاتقاندەك، پەشتاقنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ گۈمبەز ئالەم گۈمبىزى بىلەن رىقابەتلەشكەندەك غۇدىيىپ تۇرىدۇ. بۇ گۈزەل قۇرۇلۇش ئۆزىنىڭ تارىختىن بۇيان شەھەرگە زىننەت قوشۇش رولىنى ئويناپ كەلدىلا ئەمەس، بەلكى ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە خەلقنىڭ ھاياجان كوڭۇللىرىنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئەنئەنىلىرى بىلەن خۇشاللاندۇرۇپ، بىر يىلغىچە چەككەن تۇرمۇش جاپالىرىنى ئۇنتۇشقا خىزمەت قىلىپ

كەلدى . ھەر يىلى بولىدىغان ئىككى قې-
تىملىق ھېيتتا كىشىلەر بۇ يەردىن خۇشال-
لىق ۋە ئىلھام ئالىدۇ . ھەر يىلى ھېيتتا
چېلىنىدىغان ناغرا ، سۇناي ئاۋازى كىشى-
لەرنى ئۆزىگە شۇنداق جەلپ قىلىدۇكى ،
بۇ قىزىقارلىق مەنزىرىدىن كوز ئۈزۈپ ئاي-
رىلغۇسى كەلمەيدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاس-
سىك مۇزىكىسى 12 مۇقام سۇنايچىلارنىڭ
تەرەننۇم قىلىشى بىلەن ، بۇ ئۈچ كۈن ئى-
چىدە دىگىدەك خەلق بىلەن يۈز كورىشىدۇ.
ئۆز زامانىسىدىكى ئەخمەت ئاكا سۇنايچى ،
روزى ئاكا ( باشى ) لار ئۆزلىرىنىڭ بەدى-
ئىي ماھارىتى بىلەن بارلىق ھېيت ئىشتى-
راكچىلىرىنىڭ رەھمىتىنى ئالاتتى . شۇ
سەۋەپتىنمۇ ھەر بىر قېتىملىق ھېيتتا ئالا-
ھىدە ئالقىشقا ئىگە ئىدى. گىزى كەلگەندە
بۇ ھېيتكار جامەسى ئالدىدا ئوينىلىدىغان
ساما ئۇسۇلى ھەققىدىمۇ ئازراق سوز قىلىپ
ئوتسەك يامان كەتمەس : قەشقەر خەلقى
ناغرا ، سۇنايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭ-
لاشقا بەكمۇ خۇشتار بولۇپ ، روزى ھېيت،
قۇربان ھېيتتىكى ئالتە كۈنلۈك خۇشاللىق
ۋاختىنى ئەشۇ ناغرا ، سۇنايىنىڭ يېقىملىق
سادالىرى ئىچىدە ئوتكۈزىدۇ . ھېيت كۈن-
لىرى ئومۇم كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى بى-
لەن ساما سېلىش بۇ يەردىكى خەلقنىڭ
ياقتۇرۇپ شۇغۇللىنىدىغان خۇشال پائالىي-
تىدۇر . " ساما " بىر خىل ئويۇن بولۇپ ،
ئۇ ئادەتتىكى كوڭۈل ئېچىشتا ئوينۇلىدىغان
ئۇسۇلدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ . ئۇسۇل ئا-
دەتتە يالغۇز كىشى ، ئىككى كىشى ياكى
بىر قانچە كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسا ،
" ساما " نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكى
بىلەن ئورۇنلىنىدۇ . يۈزلىگەن كىشىلەر
ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، ھەر بىر كىشى ئوز دا-
ئىرىسىدە بىر خىل رەتلىك ئايلىنىدۇ .
كورگۈچىلەر شۇنچە كوپ كىشىنىڭ بىر خىل

رەتلىك ئايلانغانلىغىنى كورگەندە ، گويا
بىرلا كىشى ھەركەتلىنىۋاتقاندەك ھېس
قىلىدۇ . " ساما " دا پەقەت ناغرا ، سۇناي-
نىڭ ئاھاڭ يوتكىشى بىلەن رىتىم ئالمىشى-
دۇ. مەيدانغا چۈشۈپ ساما سالغانلارمۇ ناغرا
بىلەن سۇنايىنىڭ مۇڭلۇق، يارقىن ، يېقىم-
لىق ئاۋازىدىن ئوزىنى ئۇنتۇيدۇ . تاماشا-
چىلارمۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئوتۇپ كەتكەن-
لىگىنى بىلمەيدۇ .

ھېيتكار جامەسى ئوتمۇشتە كىچىك بىر
مەسچىت بولۇپ ، ئەتراپى قەۋرىستانلىق
بولغىنى ئۈچۈن ، كىشىلەر قەۋرىدىكى تۇغ-
قانلىرىنى يوقلاپ چىققاندا ئۇ يەردە ناماز
ئوقۇيتتى. 1798- يىلى خان ئېرىقلىق زۇل-
پىيەخان ئاتلىق بىر ئايال تەرىپىدىن بۇ
مەسچىت كېڭەيتىلىپ ياساپ قويۇلغان ئىدى.
زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ شەھەرنى كېڭەيتىشتە
بۇ جامەنى چوڭايتىپ ياساش بىلەن ئۇنى
تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلدى . ( ياقۇپ بەگ)
تەرىپىدىن يەنىمۇ زورايتىلىپ ، قايتا يا-
سالغاندىن كېيىن ھازىرقى شەكلىگە كەل-
گەن . ياقۇپ بەگنىڭ ياساتقىنى كوركەم ،
مۇنتىزىم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تە-
رىپىگە سېلىنغان 70 ئېغىزلىق ھوجرىلار
تالىپلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا شارائىت يارات-
قان . خەلقنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى
قاندۇرۇش ئۈچۈن چوڭ - كىچىك كوللەرنى
قازدۇرغان. ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ سېلىنغان
100 كىشىلىك ھامام خەلقنىڭ يۇيۇنىشى ،
تازىلىقى، ساغلاملىقى ئۈچۈن مۇھىم ئامىل
ھىساپلىناتتى . 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى-
نىڭ سىغىشى بىلەن ناماز ئوقۇلىدىغان بۇ
جامە ئوزىنىڭ خانىقا دەپ ئاتالغان چوڭ
زالى ۋە ئىككى يانىدىكى كەڭ ۋە ئازادە
ئايۋانلىرىنىڭ كوركەملىكى بىلەن بۇ يەرگە
قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر بىر كىشىنى
زوقلاندۇرىدۇ . قەد كوتىرىپ تۇرغان 166

يوغان تۈۋرۈك، ھەر خىل نەقىش، بوياقلار بىلەن زىننەتلەنگەن تورۇسلارمۇ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەنئىتىدىكى تەڭداشسىز ماھىرلىقى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىدىن پەخىرلىنىدۇ.

## قەشقەردە مائارىپ ۋە ئىلىم ئەھلى

ئالتە شەھەرنىڭ "ئىلىم بۇلىقى" ھېساپلانغان قەشقەر ئۆزىنىڭ يۈكسىلىش ھېسسى، ئۆز مۇھىتىدىكى تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، دىن ئىلمى جەھەتتە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان. خەلقتىكى چېچەنلىك، بىلىم - مەدەنىيەتكە ئامراقلىق خۇسۇسىيەت، يۈكسىلىشكە ئىنتىلىش ئارزۇسى، بىلىم ئۈچۈن ئالىي ھىممەتلىك بولۇشقا ئوخشاش پەزىلەتلەر ئۇلاردىكى ئىپتىخارلاردىن ئىدى. شۇڭلاشقا، خۇسۇسەن يېقىنقى ئەسىردىن بېرى دىنىي بىلىم يۇرتى يەنىمۇ يۈكسىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىلىملىك بولۇشى كاپالەتلەنگەن. ئىلگىرى كىشىلەر كۆپلىگەن ئۆمۈر، نۇرغۇنلىغان ئىقتىسات... لارنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە بۇخارا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىشكەن بولسا، كېيىنكى كۈنلەردىكى يۈكسىلىش ئارقىسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن راۋاجلىنىش كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدا چېكىدىغان مۇشەققەتلىرىنى بىر قەدەر يېنىكلەتتى. ئىلگىرى دىنىي بىلىم جەھەتتە بۇخارا يۈكسەك ئورۇننى ئىگەللىگەن بولسا، يەرلىك بىلىملىك كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە قەشقەردە بىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا قەشقەر شەھىرى بۇخارادىن ئۈستۈنلىكنى تارتىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە چەت شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇش ئېھتىياجى بىر قەدەر تۈگەپ، خەلقنىڭ ئوقۇش، ئىلىم ئېلىش تەشنالىقى بىر قەدەر قاندۇرۇلدى. بۇ يۈكسىلىش يالغۇز قەشقەر خەلقىنىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى، شىمالى، شەرقى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن ئىدى. ھەر يەرلى جاي - جايلاردىن كەلگەن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار مەدرىسلەردە يىل بويى ئىستىقامەت قىلاتتى ۋە چەككەن رىيازەتلىرىگە يارىشا بىلىم ئېلىپ يۇرتلىرىغا قايتىشاتتى. «سانى (2-) بۇخارا» دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان قەشقەر شەھرى ئەنە شۇ ئەنئەنىلىرى بىلەن بىر قانچە ئون يىللىقنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. شۇڭلاشقىمۇ قەشقەر مولىلىرى باشقا يۇرت مولىلىرىغا قارىغاندا ئۈستۈن ھۆرمەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىك سانىلاتتى. قەشقەردە بۈيۈك كىشىلەردىن خېلىلا يېتىشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدا خەلق ئۈچۈن ياخشى نەتىجىلەر ياراتقان. يىراقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، 11 - ئەسىرلەردە ئۆتكەنلەردىن ئۆز ئەسەرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ئەنە شۇ بۈيۈك كىشىلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ «دىۋان لۇغەت تۈرك»، «قۇتاتقۇبىلىك» ناملىق ئەسەرلىرى جاھانغا مەشھۇر بولدى. ئۇيغۇر خەلقى پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركولوگلار ۋە دىۋانشۇناسلار قىزىقىپ تەھلىل تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ ئىككى ئالىم بىلەن پەخىرلىنىدۇ. يېقىنقى زاماندىن ئېلىپ ئېيتقاندا قانچىلىغان ئالىملار، ئاستىرونوملار، تىۋىپلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلار ھېچقانداق چەتنىڭ ياردىمىسىز ئو-

ۇپ يېتىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇز زامانىسىدا خەلق ئۈچۈن، يۇرت ئۈچۈن زور خىزمەتلەر كورسەتكەن. مىرمۇھەممەدى قازى كالان، ئابدىقادىر قازى كالان، موللاخۇن قازى كالان، باھاۋۇدۇن مەخسۇم... ئەنە شۇ كىشىلەر جۇملىسىدىندۇر. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە قەشقەرنىڭ بۈيۈك ئەرباپلىرىدىن بولۇپ، كوپلىگەن كىشىلەرنى بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىققان، يۇرت خەلقىنى باشلاپ، ياتلارنىڭ بوزەك قىلىشلىرىغا، زورلۇقلىرىغا قارشى كۇرەشكەن. مىرمۇھەممەدى قازىكالان "بىدولەت» نىڭ ھەربىي ئىستىبداتىغا بوي ئەگمىگەن بولسا، ئابدىقادىر قازى كالان يۈرەكلىك بىلەن لىجاۋىنىڭ زورلۇق ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ مۇقەددەس جايى ھىساپلانغان ھېيتكار جامەسىنى بۇتخانا قىلىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالغان. باھاۋۇدۇن مەخسۇم چارروس كونسۇلىنىڭ سوراققا تارتىشى ۋە ئەيىپنى ئارتىپ جاۋاپكار قىلىشىغا قارشى باتۇرانە كورۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۇزمۇ يۇز تۇرۇپ مۇنازىرىلەشكەن. "دارازا» (ئۇزۇن ئىگىز) دەپ ئاتالغان موللاخۇن قازىكالان چار روسلارنىڭ ئارتۇقچىلىق (زومىگەرلىك) قىلىشىغا قارشى باتۇرانە كورۇشۇپ، جازانىخورلۇق بىلەن خەلقنى ئەزگەن زوراۋانلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى... يېقىنقى زامانلاردا ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېتىشكەن مۇنەۋۋەر ئالىملاردىن ئابدىقادىر داموللا ـ ئابدۇۋارىس ئوغلى، شەمسىدىن داموللا، سابىت داموللىلارغا ئوخشاش زىيالىلار، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىگە ئوخشاش ئەدىبلەر بىر تەرەپتىن ئۆز خەلقىنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۇستۇرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن چېلىشقان. ئۇلار تۇرلۇك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى ئالغا سۇرگەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەر يېزىپ ۋە گېزىتلەر نەشر قىلىپ، خەلقنى ئېلىملىك قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كورسەتكەن، خەلقنى خۇراپاتلىق، قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئويغۇتۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ قىزلار ۋە ئاياللارنى بىلىملىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. ئابدىقادىر داموللىنىڭ "نەسىھەتۇل ئالىمە»، شەمسىدىن داموللىنىڭ «ئۇمموھا تۇز مۇجەيىن» دىگەن ئەسەرلىرى ئەنە شۇنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغان. سابىت داموللامنىڭ «شىرىن كالام» دىگەن ئەسىرى خەلققە ئەدەبىيات ۋە تارىخ جەھەتتە كوپ بىلىم بەرگەن. ئەل ئارىسىدا يۇقۇرى ئابروي قازانغان بۇ ئالىملار دەل يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك قەشقەر مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەندۇر. قەشقەر شەھرىدە ئوندىن ئارتۇق مەدرىس بولۇپ، بۇ مەدرىسلەر شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغاننىڭ ئۇستىگە، كوركەملىك، ھەشەمەتلىك جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنەتتى. بۇ مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشى — پىششىق خىش (كاشا ئاتالغان) گۇللۇك خىش بىلەن ياسالغان. پەشتاق، گۇمبەزلىرى ئېگىز قەد كوتىرىپ تۇرغان، مۇنارلىرى شەھەرگە ئالاھىدە كوركەم تۇس بېغىشلاپ تۇراتتى. قەشقەر شەھەرىدىكى مەدرىسلەر قەشقەرنىڭ ئۆز بابىدا ھوكۇم سۇرگەن خانلار، ھېكىملەر، بەگلەر تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ، خانلاردىن ئابدۇللاخان نامىغا سېلىنغان «خانلىق مەدرىسە» 400 يىللىق تارىخقا، «ساقىيە» مەدرىسى 350 يىللىق تارىخقا ئىگە.

ۋاكىللاردىن يۇنۇس ۋاكىنىڭ «ۋاكىللىق مەدرىسى»، ھېكىملەردىن تاجى ھېكىمبەگنىڭ مەدرىسى، ئومەر ھېكىم بەگنىڭ

مەدرىسى، بەگلەردىن قۇربان دوغاپىنىڭ مەدرىسى (دوغا مەدرىسى) قاتارلىقلار بىدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياسالغان بولۇپ، تارىخى 100 يىلدىن ئاشىدۇ. بايلار، پۇلدارلار تەرىپىدىن ياسالغان مەدرىسلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە توختى خوجا كەنجازا مەدرىسى ۋە «مەدرىس كەرىمىيە» دەپ ئاتالغان «قازانچى مەدرىس» قاتارلىقلار مەشھۇردۇر. بۇ مەدرىسلەر ئۇمۇمەن خەلقنى ئىلىم-مەرىپەتتىن نەپ ئالدۇرۇپ، يۇرتتا ئىلىم نۇرىنى چاچقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن 300 يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر مەزگىلنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەمدە 100 يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەن بۇ مەدرىسلەرنىڭ ئىزلىرى بۇزۇلماي مەزمۇت تۇرۇشى بۇنى ياسىغان بىناكار ئۇستىلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىلىم ھۈنەر - سەنئىتىدە نەقەدەر تالانتلىق، نەقەدەر ئۇستا ۋە كامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈپ بېرىدۇ.

## قەشقەردىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

قەشقەردە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلىك ياۋروپاچە داۋالاش يوق بولۇپ كىشىلەر كېسەللىكلىرىنى يەرلىك ھوكۇمالارغا داۋالىتىپ كەلگەن. تىۋىپ دەپ ئاتالغان ھوكۇمالار ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا كېسەللەرنى داۋالاپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ قەشقەردە زامانىۋى دوختۇر ۋە دوختۇرلۇق سايمانلىرى يوق بولۇشىغا قارىماي يەرلىك ھوكۇمالار ئوبدانلا رول ئويناپ كەلدى. قەشقەر خەلقى يېقىنقى زامان ھوكۇمالىرىدىن ھەيدەر ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، سوپى ئاخۇنۇم، خوجا ئابدۇللاخان، خوجا قادىر ھاجىملار بىلەن پەخىرلىنەلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سوپى ئاخۇنۇم ھەققىدىكى تۈرلۈك تەرىپ، ماختاشلار تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

سوپى ئاخۇنۇم قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇ ھەيدەر ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇلار 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان، تىبابەت ھوكۇمالىغى بىلەن شۆھرەتلەنگەن. بۇ كىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى «تىببىي لوقمان سىستېمىدا» بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا قۇشلارنىڭ ئورگانىزمى، ئۇسۇملۇكلەردىن تەييارلانغان دورىلار بىلەن ساناقسىز ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان. ئۇ ئىلمى نۇجۇمدىن خېلىلا مەلۇماتلىق بولغانلىقتىن، كېسەللەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ھەركىتىگە قاراپ تەكشۈرەتتى. كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى ئەپتىگە قاراپ ھوكۇم قىلىش - ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ تالانتلىق ئالىمى توغرىسىدا قىزغىن ماختاپ ھىكايىلار ئېيتىشىدۇ: بىر كۈنى بىر ساق ئادەم يەنە بىر كېسەل ئادەمنى كوتۈرۈپ داۋالاتقىلى كېلىۋاتسا، سوپى ئاخۇنۇم بۇلارنى كۆرۈپلا، «مانا بۇ قىزىق! ھايات ئادەمنى ئۆلۈك كىشىنىڭ كوتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ» دېگەندەك، سوپى ئاخۇنۇمنىڭ يېنىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ سۆزىگە چۈشەنمەي تۇرغانلىرىدا، ھېلىقى 2 كىشى يېتىپ كەپتۇ ۋە ھايال ئۆتمەي كېسەلنى كوتۈرۈپ كەلگەن كىشى يىقىلىپ تىنمايلا جان بېرىپتۇ. ياقۇپ بەگ سوپى ئاخۇنۇمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ماھارىتىنى سىناش ئۈچۈن، بىر ئۇزۇن يىپ-

نىڭ ئۈچىنى سوپى ئاخۇنۇمغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە: «ئايلىنىمنىڭ ساقلىقى يوق، بۇ يىپ ئارقىلىق تومۇرىنى كۆرۈپ بېقىڭ» دەپتۇ. سوپى ئاخۇنۇم قولىدىكى يىپنىڭ ئۈچىنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ كۆرۈپ: تەخسىر! بۇ كېسەلگە كىپەكنى كۆپ سېلىپ، ھەلەپنى ئوبدان ئېتىپ بەرسىلىلا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىپتۇ. ھەقىقەتتىمۇ، سوپى ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان يىپنىڭ بىر ئۇچى ئۆيگە سولاپ قويۇلغان كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلاپ قويۇلغان ئىكەن. مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ ئىچكەركى ئۆيگە يوشۇرۇنغان ھايۋاننىڭ تومۇر ھەرىكىتىنى يىپ ئارقىلىق بىلىپ، ئۆز لايىقىدا جاۋاپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ياقۇپ بەگ ئىنتايىن قايىل بولغان. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇنى ھۆرمەتلىگەن. شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق ئېغىر كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقىنى ئۈچۈن سوپى ئاخۇنۇمغا ھەزرەت (ئاپپاق خوجا) نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك شەيخلىق مەنسۇپىنى ئىنئام قىلغان ۋە تېرىلغۇ زېمىن، باغ ـ ۋارانلار بېرىپ ئۆزىنىڭ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا ئۇ سوپى ئاخۇنۇم شەيخ دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. ئۇ بەدۆلەت ھاكىمىيىتىدىن كېيىنمۇ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، لوجۇيانىڭ ئوغلىنى ئېغىر كېسەلدىن ساقايتقانلىقى ئۈچۈن مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەن ھەم لوجۇيا تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىمتىيازلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىلگەن.

سوپى ئاخۇنۇم پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى داۋالاش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتتا زامانىۋى داۋالاش ئەسۋاپلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي، خەلقنى ۋاقىتسىز ئۆلۈم ۋە كېسەللەرنىڭ ئازابىغا ئۇچراتماي، نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ، كۆپلىگەن ئېغىر كېسەللەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغان. شۇڭا رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى تەييارلىق كۆرۈپ، شاگىرت ۋە يېقىنلىرىغا ھەتتا بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقتى قالغىچە ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇپ جان ئۈزگەن ئىكەن.

سوپى ئاخۇنۇم يەنە رۇزى ھاجىم، ساقى ۋە ئابدىرېھىم ھاجىملارغا ئوخشاش ۋارىسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. گەرچە بۇلار ئۇستازىدەك ئىقتىدارلىق بولمىسىمۇ، ھەرھالدا جەمئىيەت ساقلىقىغا خېلى زور تۆھپىلەر قوشتى.

سوپى ئاخۇنۇم يالغۇز تىبابەتتە يۈكسەك ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي نۇجۇم (يۇلتۇزلار ئىلمىي) نى ئىگىلىگەن ۋە مەخسۇس يۇلتۇز سايمانلىرىنى ياسىغان ھەمدە ئىشتا يۇلتۇز ھەرىكىتىگە قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئۆتكۈر ئۇيغۇر ئاسترونومى ئىدى. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ نامى ۋە ھۆرمىتى خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەشقەردە يەنە ئۆتكۈر تېۋىپلەردىن قاسىم ئىمىر ھاجىم، ھەيدەر ئاخۇنۇملارمۇ بار ئىدى. بۇلار بەدۆلەت زامانىسىدا تىبابەتچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان. غوجى ئابدۇللاخان، قادىر ھاجىملارمۇ ئەنە شۇلار قاتارىدىكى مەشھۇر كىشىلەر ئىدى. يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىدىن مۇسا ئاخۇن ئاكا تېۋىپمۇ ئۇلۇغ ھۆكۈما ئىدى. ئۇ «تىببى ھىندى» ئۇسۇلى بىلەن ئىش ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ ياسىغان دورىلىرى ئۆتكۈر بولۇپ، كېسەلگە تېز شىپا بېرەتتى. شۇڭا بۇ كىشىمۇ قەشقەردە خېلى شۆھرەت قازانغان.

قەشقەر تېۋىپلىرىدىن مۇھەممەت ھاجىم باللار كېسەللىكى بويىچە داڭدار ھۆكۈما

بولۇپ، ئۇنىڭ بېرىدىغان دورىلىرى ئوت-خەس، پالاڭدەك ئەرزىمەس نەرسىلەر كورۇنسىمۇ ئۇنۇمى يۇقىرى ئىدى. مۇھەممەت ھاجىم ئوزىنىڭ تەجرىبىكارلىقى بىلەن كوپلىگەن ساقايماس سوزنەك كېسەل، شۇنىڭدەك «خانازىر» دەپ ئاتالغان تەشمە جاراھەت كېسەللىكىنى داۋالاپ ساقايتقان ئىدى.

يۇسۇپھاجىم، زۇنۇن ئاخۇن ئاكا، مامۇتخان ھاجىم، ھەپىزخان مەخسۇم...لار يېقىنقى زامان تىۋىپلىرىدىن بولۇپ، «تىببى يۇنان» قائىدىسى بويىچە ئوز تەجرىبىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالىغان. 1932 - يىلى فېۋرال، مارت ئايلىرىدا قەشقەردە يۈز بەرگەن قارا كىزىك كېسىلىدە ئاغرىغان كىشىلەردىن مىڭلىغان كىشىلەر دەل مۇشۇ ھوكۇمالارنىڭ داۋالىشى بىلەن شىپا تاپقان. نۇرغۇن كىشىلەر ئولۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان.

قەشقەردە ياۋرۇپاچە داۋالاش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنى 1900 - يىللىرى ئېنگلىز، رۇس، شۋېت كىشىلىرى ئېلىپ كىرگەن. 1930- يىلدىن كېيىن سوۋېت پۇخرالىغىدىن ئايرىلغان رۇس دوختۇر بىليۇنكى ۋە رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئوزبېك دوختۇرى تۇرغۇن ھاكىم، ئوزبېك ھوكۇماسى مۇھىدىن مەخدۇملار ئوز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بېرىپ ساقلىقنى ساقلاش پائالىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاشقا باشلىغان. بۇلارمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن ھەسسىلەرنى قوشتى.

## قەشقەردە ئىمارەتچىلىك بىناكارلىق سەنئىتى

قەشقەر شەھرىگە خېلى بۇرۇنلا 120 مەھەللە ئورۇنلاشقان بولۇپ، بۇ مەھەللەلەردە 108 مەسچىت، 20مەدرىس، 54 ساراي، 2 ھاممام ۋە شەھەر ئەتراپىدا بىرقانچە ئونلىغان مازارلار بار ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ شانلىق ئەمگىكى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ياسىلىش جەھەتتىكى كوركەملىك، ساددىلىق، كونا - يېڭىلىق، چوڭ - كىچىكلىك جەھەتلەردە پەرق قىلىسىمۇ، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر قانچە قېتىملىق رېمونتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا 300 يىلدىن ئارتۇق ئومۇر كورگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشلار كورۇنۇشتە ئاددى - ساددە بولسىمۇ، ياسىلىش سەنئىتىنىڭ كوركەملىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك سېمونت، پولات چىۋىق، سېمونت تۇۋرۇك، جەگىلەر تېخى بىزدە ئىجات قىلىنمىغان ھەم ئىشلىنىلمىگەن ئىدى. لېكىن ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى ئوز مىللىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوز دىيارىمىزدىن چىققان ئاھاك، گەج قاتارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئوز لايىغىدا ئىش قوشۇپ ئىشلەپ، مەزمۇت ، كوركەم قۇرۇلۇشلارنى ياساپ چىققان. ھېچقانداق ئاسما ۋە تۈۋرۈكسىز يېپىلغان گۈمبەز شەكىللىك تورۇسلار ۋە ئوگزىلەر ئاددىيسىنە تۇت تام ئۇستىدە 100يىللاپ ھەتتا بىر قانچە يۈزيىللاپ ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇقىم ھالدا ئوز ساغلاملىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

مازارلار ۋە مەسچىت- مەدرىسلەرنىڭ چاچاپسىز، يولەكسىز ھاۋادا (كوكتە) ئېسىلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىرىنىڭ ئوز دۈشمىنى بوران-چاپقۇن، قار - يامغۇرلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا 100- 200 يىللاپ بەرداشلىق بېرىپ كەلدى. بۇ قۇرۇلۇشلار زامان-

لاردىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چىداشلىق بىرەلىدىلا ئەمەس، بەلكى، بەزىلىرىنى چاققاندا ئۇتكۇر پولات ئەسۋاپلارمۇ ئۇنى يېمىرىشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلغان ئىدى. بۇ ئىمارەتلەرگە گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدىغان گۈللۈك خىشلارنىڭ خۇش رەڭلىك ھالدا كوزگە تاشلىنىپ تۇرۇشى، ناۋايىنىڭ «كاشا سەنئىتىنى ئىگەللىگەن» دىگەن تەبىرىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە، جەگىلەرگە، ئىشىك - دېرىزىلەرگە چېكىلگەن ئويما گۈللەر، دېرىزىلەرگە ئىشلەنگەن سەنئەتلەر، دىلگاھ (ياغاچچى) لىرىمىزنىڭ قانچىلىك ماھارەتلىك ئىكەنلىكىنى كورسەتسە، ئاسمان پەلەك قەد كوتىرىپ تۇرغان مۇنارىلار، گۈمبەزلەر، پەشتاقلارنىڭ كوركەملىكى ھەر بىر ئىنساننى قايىل قىلماي قالمايدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇزۇن يىللاپ قەد كوتىرىپ تۇرۇشى ياسىغان ھونەرۋەنلەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدە ئۇستۇن سەۋىيىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانچىلىك سەمىمى ئىشلىگەنلىكىنى كورسىتىدۇ.

قەشقەرنىڭ كوزگە كورۇنەرلىك قۇرۇلۇشلىرىدىن بولغان مازار قۇرۇلۇشى قەشقەرنىڭ ئاسارە - ئەتىقىلىرىدىن بىرى. بۇلار بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا زىننەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ زىيارەت ئورۇنلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ «ئاپپاق خوجا» دەپ ئاتالغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مازىرى باشقىلاردىن چوڭلۇقتا، ئېگىزلىكتە، بەدىئى سەنئەت جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپى كاشىلىق خىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ قۇرۇلۇش بىدولەت (ياقۇپ بەگ) دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن بىر ئەسىر ۋاقىت بولدى. بۇ مازار ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى خانىقاسى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، بىر - بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان گۈمبەزلىك ئويلەر ھېچقانداق تۈۋرۈك ياكى ئاسمىسىز ياسالغان بولۇپ، ئوزىنىڭ مەزمۇت، كوركەم ۋە ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. بۇ خانىقانىڭ ئالدىغا سېلىنغان پېشايۋانلارنىڭ كوركەملىكىنى كورگەن كىشىلەر ئەينى زاماندىكى ئۇستىكارلارنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بەدىئى ئالاھىدىلىكىگە ھەيران قالىدۇ. بولۇپمۇ 50- يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان رېمونت بىلەن ھاسىل قىلىنغان كوركەملىك كىشىلەرنى ئوزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلغىنى ئۈچۈن، زىيارەت قىلغۇچىلار كۈندىن-كۈنگە كوپەيمەكتە.

دىنىي ئېتىقات، خۇراپاتلىقتىن كېلىپ چىققان مازار ئېتىقاتچىلىقى گەرچە ئۇزۇن تارىختىن بۇيان كىشىلەرنى زەھەرلەپ بىخۇتلاشتۇرۇپ، نادانلىقتا قېلىشقا سەۋەپچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بۇ مەسچىت، مەدرىس ۋە مازارلار ئوزلىرىنىڭ كوركەم بەدىئىي سەنئىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يېڭىدىن يېڭى ھىسسىيات قوزغاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ۋە پاراستىنى جاھانغا نامايەن قىلىپ كەلدى. «ئەزىزانە قەشقەر» دەپ ئاتالغان بۇ شەھەرنىڭ تۇرلۇك قۇرۇلۇشلىرىدىكى قىشلار، ياغاچلار يۈزىگە سىر بىلەن چېكىلگەن گۈللەر نەقىشلەر، خەتلەرنىڭ نەپىسلىكى، سۇپەتلىكلىكى، ئېلىمىزدىكى نەققاشلىقتا داڭ چىقارغان كىشىلىرىمىزنى ئوتمۇشتە داڭقى چىققان «مانى نەققاش» لىقى بىلەن تەڭلەشتۇرۇشكە بولۇدۇ. 1933- يىلى قەشقەر ۋالى مەھكىمە ئالدىدىكى تاتار دامولla ئەخمەت فىرىد ئابباس تەرىپىدىن سىزىلىپ نەققاش نامانخان ئۇستامنىڭ سىر

(ئاخىرى 23 - بەتتە)

# ئۇيغۇرلار تىببىي ئىلمىگە قېدىمدىنلا ئەھمىيەت بەرگەندۇر

مەھەممەت ئوسمان

## ئۇيغۇرلاردا تىبابەتچىلىك

ئۇيغۇرلاردا تىبابەتچىلىكنىڭ بەك قېدىمدىن تارتىپ بار بولغانلىقى ۋە تەرەققى قىلىپ كەلگەنلىكى تارىخى ماتېرىياللاردىن رۇشەن مەلۇمدۇر .

ئۇيغۇرلار ئىستىقات قىلغان زەر دەشت، (ئىراندا كەشتا سىپىپ دەۋرىدىن باشلانغان ئوت-قاباش ئۇرغۇچىلاردىنى) مانى، (ساكيامۇنى) نەسرۇنى ... دىنى دەۋرلىرىدىمۇ ئاغرىغۇچىلارنى ئەۋەل ئەمچى ئاتاچى (قېدىمدە تېۋىپلارنى شۇ نام بىلەن ئاتايتتى) لارغا كورسىتىپ داۋالىتاتتى. ئەمچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىلمى مۇھاكىمىلىرى ئارقىلىق ئوسۇملۇكلەر، مەدەنلەر، ۋە ھايۋاناتلاردىن ياسىغان دورا - دەرمەكلىرى بىلەن بىمار(كېسەل) لەرنى داۋالايتتى.

7 - 8 ئەسىردىكى تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر ئون نەچچە خىل كىتاپ، 200 خىلدىن ئارتۇق دورىلارنىڭ رىتسىپى، ئون نەچچە نۇسخە داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىقى بىلىنمەكتە.

ئەللامە دەپ ئاتالغان مەھەممەت بىننى رەشىدبىننى ئەلى كاشغىرىمۇ مىلادىنىڭ 1083-يىلى كاشغىردا ۋاپات بولغان)ئۆزىنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىببىي ئىلمىدە قازانغان ماھارىتىنى، ئېتى ئالا (ئاق كېسەل) ئىللىتىنى بېدىيان ھارىغى بىلەن، جىنسى زەئىپلىكنى مېھرى گىيا بىلەن ، زەفىل بەسەر (كوز خىرەلىشىش) نى ئارپېدىيان، رۇمبېدىيان، قاراسەي ئۇرۇقلىرى بىلەن داۋالاپ ساقايتىدىغان خاسىيەتلىرىنى ئەسىرىدىشى ئالىم مەھەممەت ئېبنىي ئەبى زېكىرىياغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن.

قېدىمقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھوكۇمالىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەر كوپ بولۇپ، 9-ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 281 يىللىق ھاكىمىيەت دەۋرىدە باشقا پەنلەر (پەلسەپە، مەنتىقە، ئىلمى نۇجۇم، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام ئەقىداتى...) بىلەن تەڭلا تېبمۇ روناق تاپقاچ. 9 - ئەسىر ئوتتۇرلىرىدا ئالتۇن ئارتۇش — مەشھەت — دەمۇدەرىس (دەرس بەرگۈچى ئۇستاز) جامالىدىن كاشغىرىنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن «مەدرىسەئى ساچىيە» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ شۇ دەۋردىكى ئومۇملاشقان ئىلمى ۋە مەشھۇر تىببىي ئىنستىتوتتۇر.

«مەدرىسەئى ساچىيە»گە ئوخشاش ئېنىستىتۇتلىرىمىز شۇ دەۋردە بار بولغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇتەخەسسىس بولۇپ كامال تاپقان زاتلار، ئىلىم-پەندە ماھىر بولۇپ يېتىشكەن ئالىملار، ئەدىپلار، جەررا ( دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىرى) ، ھۇنەرۋەنلەر ، دانىشمەنلەر ...... نىڭ ئۆزىمىزدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، دۇنياغا تونۇلغانلىقى مەلۇم.

---

①ئالتۇن ـــ ئارتۇش: ئۇيغۇرلار قېدىمقى زاماندا ئولۇغ خاقانلىرى تۇرغان جايلىرىنى ھورمەت يۈزىسىدىن ئالتۇن گوردا، ئالتۇن ئارتۇش، خان ۋە خان ئەۋلاتلىرى ياتقان زارەتكارلىقلىرىنى ئالتۇن مازار، ئالتۇنلۇق دەپ ئاتىشاتتى.

ئىلىم ـ مەرىپەت راۋناق تاپقان " ئالتۇن دەۋر " دە قەشقەردە يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىمىزدىن: ئەللامە ( ھەممە نەرسىلەرنى بىلگۈچى ) راشىدىن كاشغىرى .

2ـ لۇغەت ئىمامى ( تىلدا يېتەكلىگۈچى ، ئالدىدا تۇرغۇچى ) مەھمۇت كاشغىرى، خاس ـ ھاجىپ ( كوز ئۇچۇن قاش قانداق زىننەت بولسا، قارا خانىلار دولىتى ئۈچۈن زىننەت بولغۇچى مەناسىدىكى ئېنۋان ) يۈسۈپ جەررا ( ئوپېراتسىيە قىلىدىغان تېۋىپ) ئىمادىدىن كاشغىرلار ئەبۇ ئىلى ئىبنى سىنا، بارابى، سەككاكىغا ئوخشاشلارسالاھىيەتئىقتىدارلىرىبىلەن ئۆز خەلقىغە ، دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىگە ۋە ئىنسانىيەتكە ئىلمىي خىزمەتلىرى بىلەن تۆھپە قوشقان.

ئىمادىدىن كاشغىرى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپلاردىن بولۇپ ، ئۇنىڭ خەلقلەرنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاشتا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ داۋالايدىغانلىقى ، ئۇلۇغ بۇغراخان ئوزىگە ئۇچرىغان ئېغىر كېسەللىكلەرنى ئۇ زاتنىڭداۋالىشىغا ئېۋەتىدىغانلىقى، تىببى ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە ئېتىۋار بىلەن قارايدىغانلىقى ، ھەتتا سوقۇشتا يارىلانغانمەجرۇھلارنىمۇ ئۇ ئارقىلىق داۋالاتقانلىقى تارىخلاردا ئەينەن زىكرى قىلىپ يېزىلغاندۇر .

شۇنداق يېزىلغان تارىخى ۋەقەلەرنىڭ بىرىدە : « ... بىر قېتىم دۈمبىسىگە تومۇر پارچىسى پېتىپ قېلىش بىلەن تەسادىپ كەلگەن بىر ئەسكەرنى داۋالىغاندا ئىشخانىسىدىن جەررالىق ئەسۋابىنىڭ كەلتۈرۈلۈشىگە تاقەت قىلماي ئىمادىدىن كېسەلنىڭ بەدىنىگە پاتقان تومۇر پارچىسىنى چىشى بىلەن چىشلەپ تارتىپ ئالغاندا جەررا ئىمادىدىنىڭ ئۇدۇلدىكى ئىككى چىشى سۇنۇپ كەتكەن . ئىمادىدىن جەررالىق ئۇستىدە تەرلەپ ، پىششىپ بۇ ئوپېراتسىيىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملىغاندا بۇغراخاننىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان . ئۇلۇغ بۇغراخان ئىمادىدىنىنىڭ بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىن تەسىرلىنىپ ئات ، دەستار ( سەللە ) ۋە قىلىچ تارتۇق قىلغان .... » .

ئىمادىدىن : ئوزىنىڭ « شەرھى ئەل قانۇن » ئەسىرىنى يېزىپ ئۇلۇغ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغاندىن تاشقىرى ئەبۇبەكرى مۇھەممەت رازىنىڭ : « دائىرە تولىمۇ ئارىپ تىببىيە»

" كىتابۇش — شاھىد "، " كىتا بۇلھاۋى " قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ " ھىكمەتول ئەلا"، دىگەن ئەسىرىنى، پارابىنىڭ "ئەقسائىل ئۇلۇم " دىگەن ئەسەرلىرىنىمۇ شەرقى ئەللەرگە تونۇتۇشقا بەلگىلىك دەرىجىدە ھەسسە قوشۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

## 2- ئىلمى مۇساھىبە (سوھبەتلىشىش)

قاراخانىلاردولىتىنىڭ سۇلتانلىرىدىن بولغان مەشھۇر سۇلتان سۇتۇق (ئۇلۇغ) بۇغراخان ئوز دولىتىدىكى خەلق ( ئۇيغۇر ، قارلۇق ، ياغما، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى )نىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشىغا ناھايىتى كوڭۈل بولەتتى. كېسەل بولغۇچىلارنى ئۇچراتقاندا داۋالىنىشقا بۇيرۇيتتى. ھەتتا ئوزىمۇ داۋالايتتى. شۇنىڭدەك تېببى ئالىملار ۋە شۇناسلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئىلمى سوھبەتلىرىدە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرىدىن دولەتنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىناتتى.

بۇ ماقالىدا تىببىي مەسلىھەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تىببى ئالىم ئىمادىددىن كاشغىرى بىلەن ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ بىر قېتىملىق سوھبىتىنى كىتاپخانلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

سوھبەت تۋۆەندىكىچە :

سولتان سۇتۇق بۇغراخان ـ(ئىمادىددىنغا قاراپ) سىز مۇنچە سالاھىيەتنى قەيەردە ئوقۇپ ھاسىل قىلغانسىز؟

ئىمادىددىن كاشغىرى: (جاۋاپ ئىشارىتى بىلەن)مەن«مەدرىسەئىساچىيە»دەئوقۇپ ھاسىل قىلغان.

بۇغراخان: — سىز ئۇيغۇرمۇ ؟ ياكى قارلۇقمۇ؟

ئىماددىن:— مەن ئۇيغۇر بولغاندىمۇ كاشغىرىمەن.

بۇغراخان :— ھۈنەرلىرىڭىزدىن موھىملىرى نىمە؟

ئىمادىددىن:— ئەمچى- ئاتاچى (تېۋىپلىك).

بۇغراخان: — شوھرەت پەرەست، باش - باشتاق، ئىتتىپاق ئۆتمەيدىغان قىسمەن قەشقىرلەر، ئەمچىلارغا ئۆزىنى داۋالىتىپ نىمە قىلىدۇ؟

ئىمادىددىن:— ھەي بۈيۈك قائانىم ! ئەنە شۇنداق ئادەملەر باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئەمچىگە موھتاج بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋۋەل ئەقىللىرىغا، ئاندىن كوزلىرىغا ۋە ئۇندىن كېيىن بەدەنلىرىگە ئەمچى ئاتاچى لازىم بولىدۇ.

بۇغراخان:— ئۇلارغا داۋانىڭ لازىملىغىنى قانداق ئۇقتۇرالايسىز؟

ئىمادىددىن: — تەڭرىم بەندىلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا لايىق رىسقى تەقسىمقىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش ئەقىلنىمۇ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. شۇ تەقسىمدىن ھەربىرگە تېگىشلىك ھەسسە بولگەن . باشقا تۇرۇك ئايماقلىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئالىمھەمجاھىللىرى، تەدبىرلىك - تەدبىرسىزلىرى، ئىشچان ۋە هورۇنلىرى باردۇر . بۇ بولسا، تەڭرىمنىڭ ئىلتىپاتىدۇر.

بۇغراخان: — قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە قانداق ئەتىۋالىق خولقى ئەتىۋارىبار؟

ئىمادىددىن:— قەشقەرلەر - سېخى يۇرەكلىك ، باھادۇر، كاتتىلارنى ھورمەت قىلىدىغان ، كىچىكلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ، سوزلىرى توغرا-مۇلايىم ، ئوچۇق يۈزلۈك، نەسەپ ھەسەپلىرى پاك، ئىززىتى نەپسلىك، ئەمىلىيەتنى كورمىسە، ئىقرار قىلمايدىغان جامائەدۇر دىدى.

ئۇلۇق بۇغراخان ئالىم ئىمادىددىننىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەبەسسۇم بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كۈلدى، ۋەزىرلەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇبۇل پەتتا ھەم نەخمىددىن ھەتتار قاتارلىقلارغا قاراپ:

— بۇكىشى ئەھلى قەشقىرلارنى تارتىنماي ماختىدى. راستسوزلۇك. سالاپەتلىك ئەقىللىق كىشى بولىشى ئېھتىمال، دىدى ۋە ئىمادىددىنغا يېنىدائولتۇرۇشقا ئىما قىلدى. يېڭىدىن سوز باشلاپ، ئىلمىي تىپ مەشغۇلىيىتىنى ، مەلۇماتىنى سىناپ كورمەك بولۇپ، مۇنداق دىدى:

بۇغراخان:— تىپنىڭ ئەسلىي مەخسىدي نىمىدىن ئىبارەت؟

ئىمادىدىن:— تويغاندا ئارتۇق يىمەسلىك، تاقىتىدىن ئارتۇق ئىشلىمەسلىكتۇر.

بۇغراخان:— ھاياتتا ئەڭ زىيانلىق نەرسە نىمە؟

ئىمادىدىن:— بىرقېتىم يىگەن تاماق سىڭىپ بولمىغىچە ئىككىنچى قېتىم تاماق يىمەسلىك، تەجرىبىلەردىن پەرەزقىلىپ كورگەندە « دۇنيادا ئاچلىقتىن ئولگەنلەرگە قارىغاندا كوپ يەپ ئولگۇچىلەر كوپرەكتۇر».

بۇغراخان:— ھاممامغا كىرىپ يۇيۇنۇش ھەققىدە نىمە دەيسىز؟

ئىمادىدىن:— ئۇيقىدىن قوپقان پىتى ھاممامغا كىرمەسلىك، يالاڭاچ ئۇخلىماسلىق، مەس ھالەتتە خوتۇنغا يىقىنچىلىق قىلماسلىق، ئاچچىغى كەلگەن ۋاقىتتا تاماق يىيىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەك دەپ قارايمەن. ھەرۋاقىتتا نورمال ھالەتتە تۇرۇپ تاماق يىيىلسە ئويقۇ تىچ ھەم لەززەتلىك بولىدۇ.

بۇغراخان:— دورا ئىستىمال قىلىشتىكى مۇلاھىزىڭىزنى ئاڭلاپ كورسەم؟

ئىمادىدىن:— سالامەت تۇرغاندا ئىمكان بار دورا يىيىشتىن ساقلىنىش كىرەك. ئەگەر ئازراق بولسىمۇ كېسەللىك سىزىلىشقا باشلىسا، تىزدىن كېسەلنى داۋالاپ، دورا ئىستىمال قىلىپ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش زورۇر.

بۇغراخان:— ئەڭ ياخشى گوش قايسى؟

ئىمادىدىن: — سىمىز بولغان ياش قوي گوشى ياخشى. پۇراپ قالغان، تۇزلانغان گوشنى يىيىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەچكۇ،كالا، توگە گوشلىرىنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئېغىر ۋە خاسىيەتلىرى دىگەندەك ئەمەس .

بۇغراخان: — مېۋەيىيىش ھەققىدە مەسلھەتىڭىز قانداق ؟

ئىمادىدىن: — مېۋىلەرنىڭ پىشقىنى ياخشى ، شاخ ۋە پىلىگىدىن ئۇزۇۋېلا يېڭى ۋاقتىدا يىيىش مەنپەئەتلىكتۇر . ۋاقتى ئوتكەن مېۋىنى يىيىشتىن ساقلىنىش لازىم.

بۇغراخان: — سۇ ئىچىش ھەققىدىچۇ ؟

ئىمادىدىن: — سۇ پاكىزە ھەم سوغاق بولسا ، نورمىدىن ئارتۇق ئىچىلمىسە ئەڭ پايدىلىق ئىچىملىكتۇر . بەدەننىڭ قۇۋۋىتىنى ۋە ھاياتىنى ياخشى ساقلاش ئۇچۇن غايەت پايدىلىقتۇر . پەقەت ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇرۇپلا سۇ ئىچىش زىيانلىق .

بۇغراخان: — سۇنىڭ تەمى قانداق بولىدۇ ؟

ئىمادىدىن: — ئىنساندا بولغان ھايات ۋە جانغا ئوخشاش ، بۇنى سوز بىلەن ئاڭلىتىپ تەرىپ بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولمايدۇ .

---

(بېشى 19 ـ بەتتە)

بىرىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن دۇنياغا خەرىتىسى ۋەئولكىمىزنىڭ خەرىتىسىدىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك 2 پارچە سىياسى خەرىتە يۇرتىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىغىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى ئىدى.

مانا بۇ قېدىمى قۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماھارىتى، ئېقىلپاراستى ۋە سەنئەت ئۇستۇنلىگى بىلەن مەيدانغاكەلگەن بولۇپ، بۇ ـ ئىلىمىز بىناكارلىق،نەققاشلىق سەنئەتىگە قوشۇلغان زورتوھپىدۇر.خەلقىمىز ئوزلىرىنىڭ بۇ خىل سەنئەت مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىشقا تىگىشلىكدۇر.

بۇغراخان: — ئۇنداغ بولسا، سۇنىڭ رەڭگى قانداق بولىدۇ؟
ئىمادىددىن: — سۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار بولسا، رەڭگى شۇنداق بولىدۇ.
بۇغراخان: ئىنساننىڭ ئەسلى (ئاساسى) نەدە؟
ئىمادىددىن: بېشىدا.

بۇغراخان: بەدەندە نەچچە تۆرلۈك تەبىئەت بار؟
ئىمادىددىن: — تۆرت تۆرلۈك تەبىئەت بولۇر،
بىرىنچى: سەۋدايى قۇرغاققا مايىل بولۇر.
ئىككىنچى: سەپرا- قىزىققا مايىل بولۇر.
ئۈچىنچى: بەلغەم - ھۆللۈككە مايىل بولۇر.
تۆتىنچى: شامال قۇرغاققا مايىل بولۇر.
(ئابى، ئاتەش، بادى، خاك، سۇ، ئوت، شامال، تۇپراق).
بۇغراخان: — ئىنسانلار نېمىشقا بىر خىل تەبىئەتتە بولمىغاندۇرلەر؟
ئىمادىددىن: ئۇنداق بولغاندا ئادەملەر يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغان، ئاغرىمايدىغان، ئۆلمەيدىغان بولۇپ، ھەمىشە تۇرۇشى لازىم.
بۇغراخان: نېمىدىن ساقلىنىش لازىم.
ئىمادىددىن: - ئىنسان ھەممە نەرسىدە ئوتتۇراھال بولۇشقا تىرىشماق لازىم، تويغاندىن كېيىن ئارتۇقچە زورلاپ يېمەسلىك كېرەك، ئەگەر شۇنداق بولغاندا كۆڭۈلنىڭ تارىيىشىغا، ئومۇرنىڭ قىسقا بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. زەرىرى مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق، نەپسىنىڭ راھىتىنى بەدەن راھىتىدىن، سالامەتلىكتىن ئىلگىرى قويۇش - ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، «قائىنىسم» دەپ تازىم قىلدى.

سوھبەت ئاياقلاشقاندا ئۇلۇغ بۇغراخان ئىمادىددىندىن خۇرسەن بولۇپ، نۇرغۇن ئەدىبىيلەرنى ئىنئام قىلغاندىن تاشقىرى، سەرمۇنشى (باش كاتىپ)غا ئىمادىددىننىڭ سۆزلىرىنى پۈتۈپ ئېلىپ، كىتاپلارغا قەيت قىلىشنى ئەمىر قىلمىشتۇر.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر توغرىسىدا

ئابدىكېرىم باقى

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر مەۋجۇت. بۇ خىل سۆزلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى بۇلارنىڭ ئىش ھەرىكىتىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش دانە ئالما، ئون كىلو ماي، تۆت قۇتا سىيا، ئۈچ قاپ بور، ئالتە مېتىر خەسە، بىر چىشلەم نان، ئىككى تىلىم قوغۇن، يەتتە ئورەم ساماق، ئۈچ قېتىم كوردۇم، ئىككى نۆۋەت باردىم دېگەنلەردەك.

دېمەك، شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن توغرا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى مىقدار سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مىقدار سۆزلەر تىلىمىزدا قوللىنىلغان كېلىۋاتقان سۆزلەر بولسىمۇ، تېخى ھازىرغىچە بۇ، سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە ئۈگىنىلمىگەن. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى - مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋى سان بىلەن ئىسىمنىڭ ياكى سان بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا مەخسۇس مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر ئانچە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مىقدار سۆزلەر بىر سۆز تۈركۈمى دەپ قارالمىغان. بۇنداق قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، مىقدار سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىگى سان بىلەن ئىسىمنىڭ ياكى سان بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكسىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن ئىسىم، پېئىل ۋەباشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىقدار سۆزلەرنى ئايرىم بىر سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ ئۈگىنىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## ئەسلى مىقدار سۆزلەر ۋە نىسپى مىقدار سۆزلەر ھەققىدە

مىقدار سۆزلەر كېلىپ چىقىش مەنبەسى جەھەتتىن ئەسلى مىقدار سۆزلەر ۋە نىسپى مىقدار سۆزلەر دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

ئەسلى مىقدار سۆزلەر ئەزەلدىن مىقدارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا قوللىنىلغان توغرا ،باشقا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولمىغان سۆزلەردۇر. بۇلار مەخسۇس مىقدارنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: «نەپەر، دانە، كىلومېتىر، كىلوگىرام، توننا، چارەك، مىسقال، سەر» ۋە باشقىلار.

نىسپى مىقدار سۆزلەر دېگىنىمىز - ئەسلىدە مىقدار سۆز بولماستىن، ئىسىم ياكى پېئىلغا تەۋە سۆزلەر بولۇپ، سان بىلەن بىرىكىش نەتىجىسىدە مىقدار سۆزلەرگە ئايلانغان سۆزلەردۇر. بۇ خىل سۆزلەرمۇ سان بىلەن بىرىككەندىن كېيىن، شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: "4 تاغار بۇغداي، 5 خالتا ئۇن، بىر ساندۇق كىتاپ، ئىككى ماشىنا

كومۇر، ئىككى تەخسە ئاش، بىر پىيالە چاي، 4 باغ پالەك، ئىككى قېتىم يىپ، بىر كاپام ئاش، 10 باغ بىدە، بىر چاقىرىم يول ۋە باشقىلار.

نىسپى مىقدار سوزلەر يەنە ئىسىمدىن كېلىپ چىققان مىقدار سوزلەر ۋە پېئىلدىن كېلىپ چىققان مىقدار سوزلەر دىگەن ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

*A*. ئىسىمدىن كېلىپ چىققان مىقدارسوزلەر دىگىنىمىز – ئىسىملار ئىچىدىكى مىقدارنى ئىپادىلەش مۇمكىن بولغان سوزلەرنىڭ سان بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۇرىدىغان سوزلەر بىرىكمىسىدۇر. بۇلار ئەسلىدە ئىسىم بولسىمۇ، سان بىلەن بىرىككەندىن كېيىن، مىقدارنى ئىپادىلەش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككى لىگەن ئاش، بىر قوشۇق چاي، بىرھارۋا ئوتۇن، 4 چېلەك سۇ، ئىككى سوۋەت شاپتۇل، 3 باش پىياز» ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ھەر قانداقلىرىسان بىلەن بىرىكىپ مىقدار سوزلىرىنى ھاسىل قىلىۋەرمەيدۇ؛ پەقەت ئولچەشكە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىلا سان بىلەن بىرىكىپ مىقدار سوزلىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

مەسىلەن: «بىر ساندۇق كىتاپ» دىگىلى بولىدۇ، لېكىن «بىر كىتاپ ساندۇق» دىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، «شەھەر، مەكتەپ، ئەمەت، قەلەم» گە ئوخشاش سوزلەردىن مىقدار سوزلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

*B*. پېئىللار ئىچىدىن كېلىپ چىققان مىقدار سوزلەر دىگىنىمىز – بۇيرۇق پېئىللارغا مىقدار سوز ياسىغۇچى "م، ىم، ۇم" قاتارلىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان مىقدار سوزلەردۇر. بۇ خىل مىقدار سوزلەرمۇ ياسالغاندىن كېيىن، سان بىلەن بىرىكىپ، مىقدارنى ئىپادىلەش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوتلا + م = ئوتلام (بىر ئوتلام چاي) تىل + ىم = تىلىم (ئىككى تىلىم تاۋۇز).

يۇت + ۇم = يۇتۇم (بىر يۇتۇم سۇ) دىگەنلەردەك. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىقىدەك مىقدار سوزلەر ياسىلىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئولچەشكە بولىدىغان شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پېئىللارغىلا قوشۇمچە قوشۇپ، مىقدار سوز ياساشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: " بىر سىقىم توپا، ئىككى ماڭدام يەر، 4 باغلام شاخ، بىر تۇتام پاختا " دەپ قوللانغىلى بولىدۇ. " ياز، ئىشلە، كەت، تۇر " قاتارلىق پېئىللارغا يۇقىرىقى قوشۇمچىلارنى قوشۇپ، مىقدار سوزلەرنى ياسىغىلى بولمايدۇ.

## مىقدار سوزلەرنىڭ تۇرلىرى ھەققىدە

مىقدار سوزلەرشەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەركىتىنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، بۇلار:شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر، ھەركەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

*A*. شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەرئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ مىقدار بىرلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: " 5 نەپەر ئىشچى، 4 دانە قەلەم، بىر قاچا سۇ، ئىككى تاغار بۇغداي، 20 كىلو گوش، ئىككى يوگەم تاماكا،

30 مېتىر چىپەرقۇت، 3 بولاق قەن، 4 سەر ئالتۇن » دىگەنلەردەك.

*B*. ھەركەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سوزلەر ئىش ـ پائالىيەتلەرنىڭ مىقدار بىرلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: » ئىككى قېتىم ئوقۇدۇم، 4 قېتىم كوردۇم، بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم، ئىكى نوۋەت باردىم، 4 چامدام ماڭدىم » دىگەنلەردەك.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سوزلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ھەركەتنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىۋېرىدۇ.

مەسىلەن:

ئىككى قېتىم يىپ ( نەرسە مىقدارى )
ئىككى قېتىم كوردۇم ( ھەركەت مىقدارى )
بىر قۇر كىيىم ( نەرسە مىقدارى )
بىر قۇر كورۇپ چىقتىم (ھەركەت مىقدارى)
بىر چىشلەم نان ( نەرسە مىقدارى )
بىر چىشلەم يىدى ( ھەركەت مىقدارى )
ۋە باشقىلار.

## مىقدار سوزلەرنىڭ قوللىنىلىشىغا قاراپ بولۇنۇشى:

مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەر خىل بولىشىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن ھەرخىل ئۇسۇلدا قوللىنىلىدۇ:

1. بىرقىسىم مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇق جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇزۇنلۇق ھىساپلانغان» كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، چاقىرىم، پوتەي، گەز، غېرىچ » قاتارلىق مىقدار سوزلەر قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: بىرچاقىرىم يول، ئىككى پوتەي يول، 10 مېتىر رەخ، 5 كىلو مېتىر ئارىلىق، 5 گەز خام ( ماتا )، بىر غېرىچ زىمىن دىگەنلەردەك.

2 ـ بىر قىسىم مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ئېغىرلىق جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭغا ئېغىرلىق ئولچەملىرى ھىساپلانغان "توننا، كىلوگىرام، گىرام، چارەك، جىڭ كۇرە، مىسقال، سەر» قاتارلىق مىقدار سوزلەر قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: 4 توننا كومۇر، 100 كىلو گۈرۈچ، 500 گىرام سۈت، 5 چارەك قوناق، 100 جىڭ ماي، بىر مىسقال رەڭ، 3 سەر ئالتۇن دىگەنلەردەك.

3 ـ بىر قىسىم مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئولچەش ئەسۋاپلىرى ئىشلىتىلگەن بولسا، "كۇپ مېتىر» قاتارلىق مىقدارسوزلەر قوللىنىلىدۇ. مەخسۇس ئولچەش سايمانلىرى ئىشلىتىلمەيدىغانلارغا ھەر خىل مولچەرلەشلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مىقدار سوزلەر قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: 5 كۇپ توپا، بىر سىقىم توپا، بىر چىلەك سۇ، ئىككى خالتا ئۇن، بىر ماشىنا كومۇر، بىرھارۋا ئوتۇن، بىر ئوتلام چاي، دىگەنلەردەك.

مولچەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ مىقدارىنى تەخمىنەن مولچەرلەپ بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا شۇ شەيئىلەرنىڭ ئولچەملىك مىقدارى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ.

مەسىلەن:»بىر تاغار ئاشلىق» دىسەك، بۇ تاغاردىكى ئاشلىقنىڭ قانچە كىلو ياكى قانچە جىڭ، قانچە چارەك ئىكەنلىكى (ئولچەملىك مىقدارى) ئېنىق ئەمەس. پەقەت بىرلا تاغارغا قاچىلانغان ئاشلىق ئىكەنلىكى

بىلىنىدۇ (تاغارغا قاچىلانغان ئاشلىق 200 جىڭ چىقىشىمۇ مۇمكىن، 150 جىڭ چىقىشىمۇ ياكى باشقىچە چىقىشمۇ مۇمكىن) .

4 . بىر قىسىم مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇق، ئېغىرلىق ياكى ھەجىم جەھەتتىكى مىقدارىنى بىلدۇرمەي، شەيئىلەرنىڭ يەككىلىكى، ئايرىملىقى، دانىلىقى قاتارلىق جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇخىل مىقدار سوزلەرگە نەپەر، دانە، تال، پارچە، باش، ساپ، نۇسخە، باغ، باغلام، تۇپ، جۇپ، قېتىم»قاتارلىق مىقدار سوزلەر كىرىدۇ.

مەسىلەن: 30 نەپەر ئوقۇغۇچى، 10 دانە ئانار، 5 تال ياغاچ، 4 پارچە كىگىز، 6 باش پىياز، 3 باش قوناق، بىرساپ ئۈزۈم، 7 نۇسخە گېزىت، 9 باغ پالەك، 8 باغلام ئوتۇن، ئىككى تۇپ ئۈژمە، بىر جۇپ پەلەي، 4 قېتىم يىسپ، ئىككى قېتىم كوردۇم، 4 قاتار باردىم، بىر قۇر كوزدىن كوچۇردۇم دىگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مىقدار سوزلەرنى قوللىنىلىشىغا قاراپ 4 تۇرگە بولۇشكە بولىدۇ:

1 . ئۇزۇنلۇقنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر،

2 . ئېغىرلىقنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر،

3 . ھەجىمنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر،

4 . يەككە ئايرىملىقنى بىلدۇرگۇچى مىقدار سوزلەر.

مۇندىن باشقا شەيئىلەرنىڭ يۇزىنىڭ ئۇلچىمىنى ئىپادىلىگۇچى مىقدار سوزلەرمۇ بار، مەسىلەن: «كۇۋادىرات مېتىر» دىگەندەك.

## مىقدار سوزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

مىقدار سوزلەرمۇ باشقا سوز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ئوزىگە خاس گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ خۇسۇسىيەتلەر توۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) مىقدار سوزلەرنىڭ بىردىن-بىر گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، مىقدارنى ئىپادىلىگۇچى سوز بىرىكمىسى سان بىلەن ئىسىمدىن ۋە سان بىلەن پېئىلدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ بىرىكمە تەركىبىدىكى سوزلەرنىڭ بىرسىز يەنە بىرى ھېچقاچان مىقدارنى ئىپادىلىمەيدۇ. مىقدار سوزنىڭ ئاساسلىق ئىلمىنتى ھىساپلانغان سوزلەر (دانە، نەپەر، سىقىم) يالغۇز تۇرۇپ مىقدارنى بىلدۇرەلمەيدۇ.

مەسىلەن:

«دانە ئانار، نەپەر كىشى، مېتىر رەخت، ياكى، 5 ئانار، 3 كىشى، 4 رەخت» دەپ ئىشلىتىلمەيدۇ. «5 دانە ئانار، 3 نەپەر كىشى، 4 مېتىر رەخت، بىر ئوتلام سۇ» دىگەن شەكىلدە قوللىنىلغاندىلا، مىقدار سوزلىرى بولالايدۇ. «دانە، نەپەر، پارچە، تال» قاتارلىق مىقدار سوزلەرنى قوشماي، ساننىڭ ئوزىنىلا قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ بار، بۇ چاغدا مىقدار سوز شەكىللەنمىگەن، سان بولسا، ئوزىنىڭ سان تۈركۈمىدىن ئايرىلمىغان بولىدۇ.

مەسىلەن: 5 نەپەر ئىشچى (مىقدار)، 5 ئىشچى (سان).

10 دانە مانتۇ (مىقدار)، 10 مانتۇ (سان).

ئىككى پارچە گىلەم (مىقدار)، ئىككى گىلەم (سان).

4 تال كوچەت (مىقدار)، 4 كوچەت (سان).

ۋە باشقىلار

مۇندىن باشقا مىقدار سوزلەرنى ساندىن ئايرىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن: «4 مېتىر رەخت، بىر ئوتلام

چاي» دىگەنلەرنى «مېتىر رەخت، ئوتلام چاي» دەپ قوللىنىلمايدۇ.

(2) مىقدار سوزلەرنىڭ گىراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىككىنچىسى شۇكى، مىقدار سوزلەر مەخسۇس مىقدار سوزلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. بۇ خىل قوشۇمچىلار پېئىللارغا ئۇلىنىپ، مىقدار سوزلىرىنى ياسايدۇ.

مەسىلەن: ئور + ەم = ئورەم (ئىككى ئورەم سامساق).

چىشلە + م = چىشلەم (بىر چىشلەم نان)،

يۇت + ۇم = يۇتۇم (بىر يۇتۇم سۇ)،

يۇد + ۇم = يۇدۇم (بىر يۇدۇم شاخ)،

تۇ + تام = تۇتام (ئىككى تۇتام پاختا)،

چاقىر + ىم = چاقىرىم (5 چاقىرىم يول).

(3) خۇسۇسىيتى مىقدار سوزلەر تەركىۋىدە سان ئىسىم ياكى پېئىل بولسىمۇ، بۇلار مىقدار سوز تەركىۋىدە تۇرۇپ، ساننىڭ ئىسىمنىڭ ياكى پېئىلنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيىلىرىگە مەنسۇپ بولغان قوشۇمچىلار بىلەن تۇرلەنمەيدۇ. ئەگەر تۇرلەنسە، مىقدار سوزلۇك خۇسۇسىيەتتىن ئايرىلغان بولىدۇ.

مەسىلەن: «5 تاغار ئاشلىق» دىگەننى «5- تاغار ئاشلىق»، «5 تاغارنىڭ ئاشلىق»، «5 تاغىرىم ئاشلىق» قىلىپ تۇرلىگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، «بىر توغرام نان» دىگەننى «بىرىنچى توغرام نان» قىلىشقا بولمايدۇ.

(4) مىقدار سوزلەر شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، جۈملىدە ئىسىم بىلەن پېئىللارغىلا باغلىنىپ كېلىدۇ.

ئىسىمغا باغلانغان مىقدار سوزلەر بىر پۈتۈن بىرىكمە ھالىتىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ۋە ئۇزى ھېچقانداق ئېنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ.

پېئىللارغا باغلانغان مىقدار سوزلەر جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

1. بىز بۇ يىل ئىككى توننا كومۇر سېتىۋالدۇق.

2. كىچىك ماشىنا سائىتىگە 25 كىلو مېتىر يول باسىدۇ.

3. ئاپام بازاردىن 5 مېتىر رەخت ئالدى.

4. دادام 5 جىڭ ماي سېتىۋالدى.

5. ئۇي سالغىلى 5 تال ياغاچ سېتىۋالدۇق.

1- مىسالدىكى «ئىككى توننا» دىگەن مىقدار «كومۇر» دىگەن ئىسىمنى، 2 - مىسالدىكى «25 كىلومېتىر» دىگەن مىقدار سوز «يول» دىگەن ئىسىمنى، 3- مىسالدىكى «5 مېتىر» دىگەن مىقدار سوز «رەخ» دىگەن ئىسىمنى، 4 - مىسالدىكى «5 جىڭ دىگەن مىقدار سوز «ماي» دىگەن ئىسىمنى، 5 - مىسالدىكى «5 تال» دىگەن مىقدار سوز «ياغاچ» دىگەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

بۇندىن باشقا يەنە:

1. مەن بۇ كىنونى ئىككى قېتىم كوردۇم.

2. مەن بۇ ماقالىنى بىر قۇر كورۇپ چىقتىم،

3. ئۇ ئاشتىن بىر كاپام يىدى.

4. لەغمەندىن بىر تەخسە يىدىم.

5. ئالدىڭلارغا 5 قەدەم مېڭىڭلار.

1- مىسالدىكى «ئىككى قېتىم» - «كوردۇم» دىگەن پېئىلغا،

2- مىسالدىكى «بىر قۇر» - «كورۇپ چىقتىم» دىگەن پېئىلغا،

3 - مىسالدىكى «بىر كاپام» - «يىدى» دىگەن پېئىلغا،

4 - مىسالدىكى بىر تەخسە» - «يىدىم» دىگەن پېئىلغا،

5- مىسالدىكى « 5 قەدەم» - «مېڭىڭلار» دىگەن پېئىلغا باغلىنىپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

بۇندىن باشقا مىقدار سوزلەر ئىسىملەر ئالدىدا كەلگەندە، كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ، ھەر خىل ۋەزىپىلەردە كېلىشى، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە خەۋەرلىك ۋەزىپىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

1. بۇ رەختنىڭ ئىككى مېترىنى مەن ئالاي، 4 مېترىنى سىز ئېلىڭ.

2. گۆشنىڭ بىر كىلوسى 1.50دىن سېتىلدى.

3. ئانارنىڭ بىر دانىسىنىڭ باھاسى0.50 فۇڭ بولدى.

4. قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1500 كىلومېتىر.

1. مىسالدىكى."ئىككى مېتىر، 4مېتىر" دىگەن مىقدار سوزلەر ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

2- مىسالدىكى "بىر كىلو" دىگەن مىقدار سوز باش كېلىشتە كېلىپ، جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

3- مىسالدىكى " بىر دانە" دىگەن مىقدار سوز ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

4 - مىسالدىكى "1500 كىلو مېتىر" دىگەن مىقدار سوز جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئوتىگەن.

(5) مىقدار سوزلەر تەركىۋىگە قاتناشقان سانلار پەقەت ساناق ساندىنلا ئىبارەت بولىدۇ، ساناق سانلار مىقدار ئولچىمىگە ئاساسەن قانچە بولسا ۋە قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: "مېتىر، كىلو، دانە، قېتىم" قاتارلىق مىقدار سوزلەرنىڭ ئالدىغا " 1، 2، 3، 4، 10، 100...." قاتارلىق سانلارنىڭ قايسىسىنى قويۇشقا تېگىشلىك بولسا، شۇنى قويۇشقا بولىۋېرىدۇ.

(6) مىقدار سوزلەر جۈملىدە "قانچە؟ نەچچە؟ قانچىلىك؟" دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. كوپ ھاللاردا بۇ سوئاللارغا مىقدار سوزلەر قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: — ئۇ يەرگە قانچە نەپەر كىشى بارىدىغان بولدى؟

— "" 5 نەپەر كىشى بارىدىغان بولدى

— سىز ئۇ يەرگە قانچە قېتىم بارغان؟

— مەن " " 2 قېتىم بارغان

— نەچچە تاختا قەغەز ئالدىڭلار؟

— 10 تاختا قەغەز ئالدۇق.

— قانچە كىلو مېتىر ماڭىدىكەنسىلەر؟

— 20 كىلومېتىر ماڭىدىكەنمىز.

— يەنە قانچىلىك نەرسە ئالدىڭلار؟

— 100 جىڭ ئۇن، 5 كىلو گوش، ئىككى هارۋا ئوتۇن ئالدۇق. دىگەنلەردەك

ئەسكەرتىش:

يۇقۇرىدا نىسپى مىقدار سوزلەرنىڭ سان بىلەن ئىسىمنىڭ ياكى سان بىلەن پېئىلنىڭ بىرىكىشتىن تۈزۈلىدىغانلىقى كورسۇتۇپ ئوتۇلدى. بۇ، ئومۇمى ۋە ئاساسى ئەھۋال. مۇندىن باشقا ئاز ساندىكى بىر قىسىم مىقدار سوزلەر سان بىلەن سۈپەتنىڭ (كوپۇنچە ياسالما سۈپەتنىڭ) بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مۇنداق مىقدار سوزلەر بىرىكمىسىنىمۇ تونۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىر يۇمۇلاق يېلىم، بىر بالىلىق ئائىلە، 4 كىشىلىك ياتاق، 100 كىشىلىك تاماق، 4 ئاتلىق هارۋا، 6 چاقلىق ماشىنا، ئىككي بىسلىق گەپ ۋە باشقىلار.

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مادال سۆزلەر توغرىسىدا

تىلىمىزدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «بار، يوق، كېرەك، لازىم، زورۇر، مۇھىم، شەرت، ئېھتىمال، مۇمكىن، ئەمەس، ھەقىقەتەن، ئەلۋەتتە، شۈبھىسىز» قاتارلىق بىر قىسىم سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر تىلىمىزدا نورمال قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى ھازىرغىچە بۇلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئايدىڭ ئەمەس.

تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى بەزى تىللاردا (مەسىلەن، ئۆز بېك تىلىدا) بۇ خىل سۆزلەرنى مادال سۆزلەر دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

«مادال» دېگەن سۆز ئەسلىدە لاتىنچە سۆز بولۇپ، گىرىكلەرنىڭ «modis» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. بۇ، ئۆلچەش، ئۇسۇل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مادال سۆزلەر مۇستەقىل بىر سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەن بولغاچقا ھەم سان جەھەتتىن ئاز بولغاچقا بۇلار مادال سۆزلەر گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مادال سۆزلەر مەنىسى ۋە ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ئۇلانمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ.

مادال سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىگە ۋە تۇراقلىق تاۋۇش تەركىۋىگە ئىگە، بۇ جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەرگە يېقىنراق كېلىدۇ. ئوتەيدىغان ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئۇلانمىلارغا يېقىنراق كېلىدۇ

مادال سۆزلەر سۆزگە ياكى جۈملىگە مەنىۋى تۈس بېرىدۇ. بۇ خىل مەنىۋى تۈس سۆزلىگۈچىنىڭ رېئال نەرسىلەر ۋە پاكىتلارنى بايان قىلىشتىكى بەلگىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

دىمەك، مادالنىڭ ھازىرقى مەنىسى ئىش ھەركەتكە بولغان تۈرلۈك كوزقاراش يەنى گۇمان، ئىقرار ۋەباشقىلار دىمەكتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ ئوي پىكىرنىڭ ۋەقەلىككە (ئىش - ھەركەتكە) بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى مادال سۆزلەر دەپ ئاتايمىز.

بىر سۆزنى مادال سۆز دەپ بەلگىلەشتە ئۇ سۆزنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسى، فورمىسى ھەم ۋەزىپىسى موھىم رول ئوينايدۇ.

مادال سۆزلەر پىكىرنىڭچىنلىقى، ئېنىقلىقى، گۇمانلىقى (ئېنىقسىزلىقى)، قەتئىيلىكى، ئىقرارغا ئوخشاش مەنىلەرنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

فورما جەھەتتىن ئۆزگەرمەسلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مادال سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى، مەنىسى، ۋەزىپىسى:

مادال سۆزلەر ئاڭلاتقان مەنىلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك 4 گۇرۇپپىغا بولۇنىدۇ:

(1) پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مادال سۆزلەر:

(ئەلۋەتتە، شۈبھىسىز، ھەقىقەتەن لەردەك).

(2) پىكىرنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مادال سۆزلەر:

(ئېھتىمال، مۇمكىنلەردەك).

(3) پىكىرنىڭ قەتئىيلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى مادال سۆزلەر:

(كېرەك، لازىم، زورۇر، موھىم، شەرت دىگەنلەردەك)

(4) ئىش - ھەركەتكە بولغان ئىقرارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مادال سۆزلەر:

(بار، يوق، ئەمەس قاتارلىقلار).

مەنىسى:

(1) پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاڭلاتقۇچى مادال سۆزلەر ياردىمى بىلەن پىكىرنىڭ راسلىقى، رېئاللىقى قەيت قىلىنىدۇ ياكى شۇنىڭغا ئىشەنچ بىلدۈرۈلىدۇ، شۈبھىسىزلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

بىز، ئەلۋەتتە، تىرىشىپ ئۆگىنىمىز.

بىزنىڭ قىسمىلىرىمىز دۈشمەننى، شۈبھىسىز، يېڭىدۇ.

سىلەر، ھەقىقەتەن، ياخشى ئۆگىنىۋاتىسىلەر، دېگەندەك.

(2) پىكىرنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى ئاڭلاتقۇچى مادال سۆزلەر ياردىمى بىلەن پەقەت گۇمان، مۆلچەر بىلدۈرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

ئېھتىمال، ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالار.

ئۇ بۈگۈن كېلىشى مۇمكىن، دېگەنلەردەك.

(3) پىكىرنىڭ قەتئىيلىكىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مادال سۆزلەر ئىش - ھەركەتنىڭ ئورۇندىلىشىغا ياكى ئورۇندالماسلىقىغا بولغان قەتئىيلىكنى بىلدۈرىدۇ .

مەسىلەن:

بىز تىرىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم.

بىز تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك(شەرت).

ئۆگىنىش - ھەممىدىن مۇھىم (زۆرۈر) دېگەنلەردەك.

(4) ئىش - ھەركەتنى ئورۇنداشقا بولغان ئىقرارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مادال سۆزلەر ئىش - ھەركەتكە بولغان ئىقرارنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنى (ئىنكارنى) بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:،

دۆلىتىمىزدە 900 مىليون كىشى بار.

بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئېزىش - ئېزىلىش يوق.

يالغانچىلار، ئالدامچىلار - ياخشى ئادەملەر ئەمەس.

ۋەزىپىسى:

(1) بەزىبىر مادال سۆزلەر جۈملە بولەكلىرى بىلەن ئادەتتە گىراماتىك ئالاقىدا بولماي، جۈملىدە قىستۇرما سۆز ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. بۇ خىل ۋەزىپىدە كوپۇنچە پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنى كۆرسەتكۈچى مادال سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا خاس. مەسىلەن:

مەخمۇت قەشقىرى، ھەقىقەتەن، ئۇلۇغ ئالىم ئىكەن.

بىز ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم.

(2) يەنە بىر قىسىم مادال سۆزلەر جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بىرلىشىپ ياكى مۇستەقىل ھالدا، خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ دەپتىرى بار، مېنىڭ كىتاۋىم يوق.

ئۆيدە دادام بار، ئاكام يوق.

مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغىم بار، ئۇنىڭ بارغىسى يوق.

بىزنىڭ ئەمگەك بىلەن چېنىقىشىمىز زۆرۈر.

ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيىدە، ئۆگىنىشتە ئىلغار بولۇشلىرى شەرت ۋە باشقىلار.

(3) بىر قىسىم مادال سۆزلەر جۈملىدە ئىسىملارغا باغلىنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا كې-

لىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ.
مەسىلەن:
مېنىڭ ئۆيەردە زورۇر ئىشىم بار ئىدى .
بۇ مەسىلە ـ مۇھىم مەسىلە.
يوق گەپنى قويۇپ، بار گەپنى قىلايلى ، دىگەندەك.
(4) بەزىبىر مادال سوزلەر جۇملىدە ئىسىم ئورنىدا كېلىپ ھەم ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتىگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىپ، شۇ ئىسىملار ئۆتىگەنۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.
مەسىلەن:
بارنى بارچە، يوقنى يوقچە ئىشلىتەيلى.
بارنى ئىشلىتەيلى، يوققا نەگە بارىمىز ؟
بار بارى بىلەن، يوق ھالى بىلەن(ماقال).
بار ـ نىمىنى دىگۈزمەيدۇ،
يوق نىمىنى يىگۈزمەيدۇ؛ (ماقال).
بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن،
يوقنىڭ ئىشى ئەرمان بىلەن(ماقال).
مادال سوزلەرنىڭ بەزىلىرىدىن باشقا سوز تۈركۈمىدىكى سوزلەرنى ياساشقا بولىدۇ.
مەسىلەن:
بارلىق، يوقلۇق، كېرەكلىك، كېرەكسىز ، لازىملىق، مۇمكىنچىلىك، شەرتلىك ، شەرتسىز، بارىچە، يوقچە،يوقال، يوقات، يوقسۇل،
بارغۇم بار، كەلگۈم يوق دىگەنگە ئوخشاش.
بارلىق ئوخشىتار،
يوقلۇق قاقشىتار (ماقال).
يوقسىزلىق تاشتىن قاتتىق.
كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق...ۋە باشقىلار.
يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن بىز مادال سوزلەرگە سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق ياكى سوزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، پېئىل، قوشما پېئىل، رەۋىش قاتارلىق سوز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ بولغان سوزلەرنىڭ ياسالغانلىقىنى كورەلەيمىز.
يۇقۇرىدا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دىكى مىقدار سوزلەر بىلەن مادال سوزلەر توغرىسىدا ئوزەمنىڭ دەسلەپكى چۈشەنچەمنى ئورتىغا قويدۇم. بۇ، ئەلۋەتتە، تولۇق ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇۋاپىق بولمىغان بولۇشى، ھەتتا خاتا بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تولۇق بولۇشنى، مۇۋاپىق بولۇشنى، توغرا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، كەڭ ئاممىنىڭ، جۇملىدىن تىل بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# لۇنجىك ۋە ئۇنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرى توغرىسىدا

ۋاھىتجان غوپۇر

تاجىك خەلقىنىڭ مەشھۇر قوشاقچىسى ۋە ناخشىچىسى لۇنجىك 1913 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ دەپتەر گۇڭشېسىدىكى پوپۇك ئىسىملىك بىر نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ، 7 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئوگەي دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھازىرقى تاشقورغان بازىرىغا يېقىن كاشكال دىگەن جايدا جاپا ـ مۇشەققەتلىك بالىلىق دەۋرىنى باشتىن كوچۇردى. لۇنجىك 9 يېشىدىن باشلاپ ئوگەي ئاتىسىغا ياردەملىشىپ مال باقتى، كېيىنچە چارۋا ئىگىلىرىگە يالنىپ پادىچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كوچۇردى. ئۇنىڭ ئومرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چەت تاغ، يايلاقلاردا يىگانە مال بېقىش بىلەن ئوتتى. ئېغىر جىسمانى ئەمگەك، قايغۇلۇق تەنھا تۇرمۇش، زەھەردىن ئاچچىق تىل ـ ھاقارەت ئۇسمۇر لۇنجىكنىڭ قەلبىدە شۇ دەۋردىكى فېئودال مۇستەبىتلەر ھوكمىرانلىغىغا، ئەزگۈچى زالىملارغا قارشى كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرەت ۋە قارشىلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتتى.

لۇنجىك ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، تاجىك خەلقىنىڭ ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى بىۋاستە ئوز بېشىدىن كوچۇرگەن ئىدى. بۇ ھال، ئۇنىڭ قەلبىدە يوقسۇل، ئېزىلگۈچى تاجىك خەلقىغە بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى قوزغىدى، ئۇ خەلق ئارىسىدا ياشىدى، خەلقنىڭ قايغۇسىنى چۈشەندى، خەلق ئىچىدىكى گۈزەل فولكلور نەمۇنىلىرىنى زوق ـ شۇق بىلەن كوڭۈل قويۇپ ئۇگەندى، ئۇلاردىن، كۈچ، ئوزۇق، ئىلھام ئالدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇ ئوزى ساۋاتسىز تۇرۇغلۇق، خەلق ئاممىسى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان قوشاقلارنى، ناخشىلارنى ئىجات قىلىپ، خەلقنىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى ئىنتايىن تۇۋەن ئىجتىمائى ئورنىنى ئەكس ئەتتۇردى.

1931 ـ يىلى سوۋېت ئوزبېكىستانىنىڭ ئەنجان رايونىدىن قاچقان باسمىچى كۇلاك يۇسۇپجان تاشقۇرغان رايونىغا بىر توپ بۇلاڭچىلارنى باشلاپ كېلىپ، تاجىك خەلقىنى قانلىق قىرغىن قىلغان، ئەزگەن ئىدى. لۇنجىك بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنى ئوز كوزى بىلەن كوردى، ۋەيران قىلىنغان ئاۋات مەھەللىلەر، توكۇلگەن بىگۇنا قانلار، پەلەكنى قاپلىغان ئاھۇ ـ زارلار ئۇنىڭ يۈرىگىدە قاچاق چەتئەل باندىتلىرىغا قارشى قىساس يالقۇنلىرىنى لاۋۇلداتتى، ئۇ، زورلۇققا ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئاتلانغان ئەزىمەت يۇرتداشلىرى قاتارىدا يەرلىك قوغدۇنۇش قوشۇنىغا قاتنىشىپ، يۇسۇپجان باسمىچىلىرىغا قارشى شەپقەتسىز كۇرەش ئېلىپ باردى. بۇ كۇرەش ياش لۇنجىكنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى، ئۇنىڭدا، تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئانا يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت ھىسسىنى ئويغاتتى. مانا مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇ «نۇرەنجى» («قىزىل ياغلىق») دىگەن ناخشىنى ئىجات قىلىپ، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتكە تەلپۈنىشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى «نۇرەنجى» («قىزىل ياغلىق») ئۇستىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇپ، ئوزىنىڭ تۇغۇلغان ۋەتەنگە بولغان

سادىقلىغىنى، ئەزگۈچى ياۋۇز ئېكسپىلاتاتورلارغا بولغان قاتتىق نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈردى:

جانانىم، سادىغا بولاي جېنىڭىزغا،
سادىغا بولاي قىزىل ياغلىقىڭىزغا.
قىزىل ياغلىقىڭىز تۇرارچوغدەك لاۋۇلداپ،
قات ـ قات ئالتۇن سىمدەك پاقىراپ.
كاشكى توشقىنىڭىز بولسام ئىدىم،
يايراپ ئۇتلىسام يايلىغىڭىزدا.
كاشكى سۆيۈرگىڭىز بولسام ئىدىم،
سالسىڭىز ئىدى مېنى دەلبەر①قېتىغا!

يۇقۇرقى مىسرالاردىن لۇنجىكنىڭ ئەركىنلىك، ئازاتلىققا تەلپۈنگەن تەسىرلىك قەلب ياڭقۇنلىرىنى، ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى ئېنىق كورۇپ ئالالايمىز. چۈنكى، ئۇ «لاۋۇلداپ تۇرغان قىزىل ياغلىق» قا ئۇز ھاياتىنى بېغىشلاشنى مۇقەددەس ئىش دەپ بىلىدۇ. جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق " قىزىل ياغلىق " نى ( ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولىنى ) گۈزەل يايلاققا ئوخشۇتۇپ ئەشۇ يايلاقتا " يايراپ ئۇتلاش" نى ؛ دەلبەرگە ئوخشۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان " سۆيۈرگە " بولۇشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدۇ.

مانا بۇ ، ئاپتورنىڭ قەلبىدىكى ئەشۇ ئۇلۇغۋار تۇيغۇنىڭ يېقىملىق ئىپادىسى ئەمەسمۇ ؟!

يۇسۇپجان باسمىچىلىرى قوغلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە دەۋر ئۆزگەرمىدى ، ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا قالغان تاجىك خەلقى يەنە پاجىئەلىك تۇرمۇش كوچۈرۇشكە مەجبۇر بولدى .

1934 ـ يىلى لۇنجىك شىڭ شىسەي قوشۇنىغا مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى . جاللات شىڭ شىسەي ئىستىبداتلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ ، مىللى كەمسىتىشنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى قاتتىق ئەزدى، ئېغىر ئاياق ـ ئاستى قىلدى. بۇھادىسىلەرياش لۇنجىكنىڭ شىڭشىسەي قوشۇنىغا قارشى چوڭقۇر ئوچمەنلىكىنى ئويغاتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ " بىۋاپا " دىگەن ناخشىنى ئىجات قىلىپ ، " يار " ۋاستىسى ئارقىلىق شىڭ شىسەي ئىستىبداتىغا قاتتىق كىنايە قىلىپ ، ئۇنىڭ چىرىكلىكىنى ھەم ۋاپاسىزلىغىنى قاتتىق سۆكتى .

ۋە :

" بىۋاپا ، ئەي بىۋاپا،
گۆدەك جېنىمىزغا قىلماجاپا.
. . . . . . . . . .
ئايرۇپىلاننىڭ چارقى پەلەكتە،
دوزىخى ئەسكەر تېخى مەشقتە.
بۇيەرگە كەلدى مۇسا ئەپەندى ②
يول بەرمىدى ھەتتا تاماكۇ چېكىشكە.
..........
قېرىنداشلار ئىتتىپاق بولايلى،
زەربىمىزدىن يوقالسۇن دۇشمەن.
كېزى كەلسە بىزگە بولىدۇ قورال،
قولىمىزدىكى گۈرجەك، كەتمەن.»دەپ يېزىپ

«بىۋاپا نىڭ (ئەكسىيەتچى شىڭشىسەي ھوكۇمرانلىغىنىڭ) «گۆدەك» (بىگۇنا) جانغا جاپا قىلغانلىغىنى، ئەركىنلىكتىن تاماھەن مەھرۇم ئەيلىگەنلىكىنى جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق پاش قىلدى. قېرىنداشلىرىنى «ئىتتىپاق» بولۇپ، قولىدىكى «گۈرجەك ۋە كەتمەن»نى قورال قىلىپ، «دۇشمەننى يوقۇتۇش» قا چاقىردى.

يۇقارقىلار، ياش لۇنجىكنىڭ قەلبىدىكى ھاقارەت ۋە خورلۇققا قارشى پىداكارانە ئىسيان كوتۈرۈش روھىنىڭ يۇكسەك بەدىئى تەسۋىرىدۇر.

---

① دەلبەر ـ كىگىز ئويگە يېپىلىدىغان يوپۇق.
② مۇسا ئەپەندى ـ شۇ دەۋردىكى قورچاق جوزىجالى

جاللات شىڭشىسەينىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھوكمىرانلىغىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى تۈپەيلىدىن ئىنسانى ھاياتكوچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان تاجىك خەلقى تۇغۇلغان يۇرتىدىن سەرگەردان بولۇپ، باش پاناھ ئىزلەپ چەت يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. لۇنجىك قايغۇلۇق قوشاق- ناخشىلىرىدا بۇ پاجىئەنى سۈرەتلىدى، ئۇنىڭ «سپەيزۇن» («ئاقباش قوش») تېمىسىدىكى ئەسىرىنىڭ تووەندىكى مىسرالىرى مانا بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر:

جېنىم ئاققۇش، كەنجۇت① تامان،
غەمكىن ئۇچۇپ كەتتى بۇگۈن.
ئاق قۇشۇم ئاق ئىپەك ئىدى،
ئۆز ئېلىدىن بولدى سۇرگۈن.
گۈدەك جېنى يىدى ئازار،
دەستاردىن ②ئۇ جۇدا بولدى.
نەزىمخان ③ نىڭ بوسۇغىسىدا،
ئىلاجىسىز رەڭگى سولدى.

لونجىك «سپەيزۇن» («ئاقباش قوش») ناملىق بۇ ناخشىسىدا، «ئاقباش قۇش» نىڭ يەنى خانىۋەيران بولغان يۇرتداشلىرىنىڭ ئۇبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، بۇ ئارقىلىق شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلمى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەنى ئېچچام، تەسىرلىك، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپلا:

«جىڭساجۇينىڭ ئەسكىرى بىز،
خانلارنىڭ دەپتىرىدە بىز.
گۈدەك جېنىمىز يىدى ئازار،
بازارنىڭ قەلەندەرى بىز.
جىڭساجۇي كېيىمىگىز سېرىق،
ئاقۇۋەت يەيسىز بېشىمىزنى.
قىيىن ئىكەن، سىزگە ئەسكەرلىك،
سېغىندۇق يۇرتىدىشىمىزنى»

دىگەن مىسرالارنى تۈزۈپ، چوڭقۇر كىنايىلىك ۋاستىلار ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى ئەسكەر بولۇپ تۇرغان ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت جىڭساجۇيى ئىچىدىكى ئوتكۈر زىددىيەتنى، قارىمۇ ـ قارشىلىقنى جانلىق پاش قىلدى. «بازارنىڭ قەلەندىرى بىز »، «ئاقىۋەت يەيسىز بېشىمىزنى» دىگەن رىيال پاكىتلارنى ستات كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن تووەن ئىجتىمائى ئورنىنى ، ئەكسيەتچىل يۇقۇرى قاتلامدىكىلەر تەرىپىدىن خورلىنىش، ھاقارەتلىنىشلەرگە دۇچار بولۋاتقانلىغىنى ئىپادىلىدى. «سېغىندۇق يۇرتدىشىمىزنى» دىگەن مىسراسىدا بولسا خانىۋەيران قىلىنغان يۇرتداشلىرى بىلەن مەڭگۇ ھەمنەپەس، تەقدىرداش ئىكەنلىگىنى، ھامان ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىغىنى مەردانە جاكالىدى.

1937- يىلى جاللات شىڭشىسەي ئۆز قوشۇنى ئىچىدىكى «قىرغىز پولكى» گە «ھوكۇمەتكە قارشى توپۇلاڭ كوتۇرۇشكە تەييارلاندى» دەپ بوھتان چاپلاپ، ئۇلارنى قانلىق باستۇردى ھەم ئولتۇردى . « قىرغىز تۇەنى» ئىچىدە شەكەر ئىسىملىك ئىزۋۇت كوماندىرى بولۇپ، ئۇمۇ جاللات شىڭشىسەي تەرىپىدىن ۋەھشىيانە ئولتۈرۈلگەن ئىدى. ئىزۋۇت كوماندىرى شەكەرنىڭ ئاقتۇ ناھىيسىنىڭ چىگگەن يېزىسىدىن چىققان بىر قىرغىز ئايالى بار ئىدى . بۇ ئايال گۈزەل ۋەچىرايلىق ئىدى. «قىرغىز تۇەنى» باستۇرۇلۇپ، شەكەر قاتارلىقلار ئولتۈرۈلگەندىن كېيىن ، جاللات شىڭشىسەينىڭ ئادەملىرى باشقا ئەسىرلەر قاتارىدا بۇ ئايالنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ قەشقەرگە ئېلىپ ماڭدى. قىلچىلىك گۇناسى يوق تۇرۇغلۇق شۇنچىۋالا ئاياق ـ ئاستى قىلىنغان قىرغىز

① كەنجۇت ـ پاكىستاندىكى بىر جاي.
② دەستار ـ تاشقورغاندىكى بىر يايلاق ئىسمى.
③ نەزىمخان ـ كەنجۇتنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەمىرى.

ئايالليرىنىڭ بۇ پاجىئەسى لۇنجىككە ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ كوماندىر شەكەرنىڭ ئايالى بولغان ھېلىقى چىڭگەن يېزىسلىق ساھىپ جامالنىڭ نامىدا «چىڭگەنگۈل» دېگەن تېمىدىكى ئەسىرىنى ئىجات قىلىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ، قىرغىز ئاياللىرى ۋە قىرغىز - تاجىك ياشلىرى ئۇچرىغان دەھشەتلىك ئازاپ - ئوقۇبەتنى جانلىق سۈرەتلىدى. قانخور شىڭ شىسەينىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى.

تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر:

چىڭگەنگۈل، ئاھ چىڭگەنگۈل!
ئەيلىدىڭىز تەركى ۋەتەن.
غېرىبىڭىزنى كىمگە قويدىڭىز،
نە ئىلاج بار، بولدۇق زەپ دەتمەن.

.......................................

رەيگى ①ئېرىغى بويلىرىدا،
خۇشپۇراق گۈللىرىڭىز ئېچىلغان ئىدى.
ئۈنچىدەك چىشلىرىڭىز قىلاتتى يال-يال،
كوركەم ھۆسنىڭىزدىن نۇر چېچىلغان ئىدى.
يازغى بۇغداي مايسىسى مەيىن تەۋرىگەندە،
مېڭىپ يۈرەتتىڭىز يېشىل قىرلار ئارىسىدا.
لەرزان شامالالار يەلپۈيتتى چېچىڭىزنى،
ئەركىن ئىدىڭىز كېيىك بالىسىدەك تاغدا...
ئېسىت! ئېسىت!
رەيگى ئېرىغى بويىدىكى گۈللەر تۇزۇۋاتىدۇ،
ئەجەل ئوقى سىزگە تىلنى سوزۇۋاتىدۇ،
كاشكى ئۆلسەم بولماسمىدى سىزنىڭ ئورنىڭىزغا
كىمدىن سالام ئېيتارسىز ئەمدى مەن غېرىبىڭىزغا.
بىر توپ كېيىك ئىچىدىكى جەرەن ئىدىڭىز،
ئايرىلىپ توپتىن قالدىڭىز يالغۇز.
سىز ئۈچۈن غەم يەيمەن ئەنسىرەپ ھەردەم،
قىلىدۇ دۇچار ئازاپقا سىزنى ئۇ دەيۈز!
تومۇز كۈنى كەچنىڭ بولمىغى تەس،
چىللە كېچىسى كىشىگە تۈيۈلار بىرىيىلدەك،
بەس!
چىڭگەنگۈل! تاۋلىنىپ پىشقان ئاق بۇغدۇيۇم،
قانمىدى كوڭۈل سىزگە، چىقمىدىم خۇمارىدىن،
يۈرۈگۈمدە مېھرىڭىز مەۋج ئۇرار پەۋەس!.

ئومۇمەن لۇنجىكنىڭ «چىڭگەنگۈل» تېمىسىدىكى بۇ ئەسىرى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان چىڭگەنگۈل قاتارلىق قىرغىز تاجىك ياشلىرىغا ئوقۇغان مەرسىيەسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى شارائىتتا يۈز بەرگەن ئەشۇ زوراۋانلىق ئۈستىدىن قىلىنغان ئەمىلى شىكايەتتۇر.

1938- يىلى شىڭ شىسەي ئەمەلدارلىرى باستۇرۇلغان «قىرغىز تۈەنى» تەركىۋىدىكى لۇنجىك قاتارلىق تاجىك جەڭچىلىرىنى تاشقورغان جىڭساجۇيىگە مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتىۋالدى. شۇ يىلى جىڭساجۇي لونجىك ۋە بىشۇ قاتارلىق ئىككى تاجىك جەڭچىگە ئەسىر ئېلىنغان ئىككى قىرغىزنى قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. لۇنجىك ۋە بىشۇ بۇ ئىككى قىرغىزنى ئېلىپ چېچەكلىك دېگەن قونالغۇغا كەلگەندە ئۆز ئارا مەسلىھەتلەشتى. ئىككى نەپەر قىرغىز قېرىنداشنىڭ بىگۇنا ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جىنايەت ھېساپلاپ، بۇ ئىككى ئەسىر قىرغىزنى قاچۇرۇۋەتتى ۋە ئۆزلىرىنىمۇ دالدىغا ئالدى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا لۇنجىك سەپدىشى بىشۇ بىلەن بىرگە ستالىن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوۋېت تاجىكىستانىنىڭ ئاقتاش دېگەن يېرىگە چىقىپ كەتكەنمىش. ئەنە شۇۋاقىتتىن باشلاپ، بۇ مەشھۇر تاجىك قوشاقچىسى ۋە ناخشىچىسىنىڭ كې-

① رەيگى ئېرىغى- چىڭگەن يېزىسىدىكى ئېرىقنىڭ ئىسمى.

(ئاخىرى 40 - بەتتە)

# تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تەبىئىي پەن

## — تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ تەبىئىي پەندىكى رولى توغرىسىدا —

جاپپار روزى

«ئوقۇش بىلىم ئېلىش ئۈچۈنبىردىن ـ بىر تەرجىمان ـ تىلىدۇر.ئادەمنىئادەم قىلغۇچى بىلگىنىكى تىلىدۇر.»

يۈسۈپخاس ھاجىپ

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۇستۇرۇشتە تىل ـ ئە- دەبىيات ئىلمىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتتۇر. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنى- يىتى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىغى ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ كىشىلەر ئارىسىغا تارقىلىدۇ. ھەر قانداق ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرى، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى تىل(نۇتۇق)ئارقىلىق شەر- ھىلىنىدۇ. تىل-يېزىق ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا خاتىرە قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل پەن- نى بىلىملەرئىلمىي تىل بىلەن چۈشۈنەرلىك، ئىخچام، لۈگىكىلىق بولمىسا ئوقۇغۇچىلار (ئاڭ- لىغۇچىلار) دا بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئېنىق توغرا، ئىلمىيھالدىكى چۈشەنچىنىڭ شەكىل- لىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىل ـ ئەدەبىيات ئىلمىگە نىسبەتەن بولۇپمۇ تىل، گىراماتىكا ئىلمىگە نىسبەتەن بەزىمۇجمەل قاراشلار شەكىللىنىپ قالغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئانچە ئېتى- ۋار بېرىلمىدى. ئانا تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك پىروگىراممىلىرى- دىن چىقىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن تىلىمىزدا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار ھەتتا بەزى چە- كىنىشلەر كېلىپ چىقتى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مىللىتىمىزنى مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن ئېلىم خەزىنىسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن تىلىمىزنى ـ يېزىغىمىزنى ئىنكار قىلىشلار كېلىپ چىقتى. بۇ ھال تارىخىيتەرەققىيات قانۇنىيىتىگە نىسبەتەن، مىللىتىمىزنىڭ پەن مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مەدەنىي مىللەت قىلىپ يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىسىزدۇر. چۈنكى يېزىقنىڭ ئۆزگۈرىشى شۇمىللەتكە نىسبەتەن مەدەنىيەتنىڭ يېڭىدىن باشلىنىشى، شۇ مىللەت مەرىپەت تارىخىنىڭ يېڭى باشلىنىش نوقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرىكى مەدەنىيەت بەلگۈلۈك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئارخولوگىيەنىڭ تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ-يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ ئىر پايغا باي بىر جاي، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا تەرەققىي قىلىشقا باشلى- ىغان،تىل-ئەدەبىيات، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن.ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ ھازىرمۇ ئون نەچچە قېرىنداش مىللەت بىرلىكتە ياشايمىز. تا- رىختا پەيدا بولغان تىل ـ يېزىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، موھىمى تۈركىي تىللىق قوللىنى-

دىغان مىللەتلەر ئاساسىي ئورنىنى ئىگەللەيدۇ. مەدەنىيىتى مول ھەم خىلمۇ-خىل، بۇ مەدەنىيەتلەرمۇ تۈرلۈك دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، قەدىمقى زاماندىن تارتىپ ھازىرقى زامانغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ خىل ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پەن-مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ماقالىدا تىل-ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي پەندىكى ئورنى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىل-ئەدەبىياتنىڭ پەن-مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىملىقى توغرىسىدا بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

تەبىئىي پەن بىلەن تىل-ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەخسەتلىرى ئىنسانلارغا تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، دۇنيانى بىلىش ۋە ياشاشنى ئۆگىتىش، يەنى زورۇرىيەت ئالەمىدىن پەيدىن-پەي ئەركىنلىك ئالەمىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت. لېكىن تەبىئىي پەن بىلەن تىل-ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسىسى بۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بولغان ۋاسىتىلارنى قوللىنىدۇ. تەبىئىي پەن بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق تەبىئەت قانۇنلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. تىل-ئەدەبىياتنى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي پەن بولسا، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەدەبىيات-بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى، ئىدىيىۋى خاھىشلىرىنى تەسۋىرلەپ ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، تۇرمۇشتا بولغان ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان ۋاقەلەرنى، شۇ ۋەقەلەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلغۇچى ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى تەسۋىرلەپ، جانلىق ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەبىئىي پەن بولسا-تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ-خىل ھادىسىلەرنى، ھەر خىل جەريانلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆزىتىپ، ئۇلارغا تەقلىت قىلىنغان تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ تەجرىبىلەر جەريانىدا توپلىغان ھەرخىل ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ، تەبىئەت قانۇنلىرى دەپ ئاتىلىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتكە يىغىنچاقلايدۇ. ئەگەر تەبىئىي پەنلەرنى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىلمىي قورال دېسەك، تىل-ئەدەبىيات ئوخشاشلا دۇنيانى تونۇش ۋاسىتىسى بولۇش بىلەن بىللە جەمئىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەش قورالىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا تەبىئىي پەن ئېقىل گىمناستىكىسى دېيىلسە، تىل-ئەدەبىيات ئېقىل گىمناستىكىسىنى ئورۇنلاشقا كوماندا بەرگۈچىدۇر. دېمەك ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم قورالى بولغان تىل-ئىلىم پەن ساھەسىدە تەڭدىشى يوق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى جەھەتتىن، ھەر خىل ئىلىم-پەنلەرنى مۇنداق چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن: تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەر-تەبىئىي پەن دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە ۋە باشقىلار. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل باغلىنىشلار-

نى تەكشۈرىدىغان پەنلەرئىجتىمائى پەن دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تارىخ، پەلسەپە، لوگىكا، تىل-
ئەدەبىيات، ئىقتىساتشۇناسلىق ۋە باشقىلار. تىل بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە بولغىنى ئۈچۈن
ئۇ ئىجتىمائى پەن كاتىگورىيىسىگە مەنسۇپ. بۇنداق بولۇشىنى تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاقە-
قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيىتى بەلگۈلىگەن. ئىلىم مەيلى ئىج-
تىمائى پەنلەر بولسۇن ياكى تەبىئى پەن ئىلىملىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئۆزى-
نى ئازات قىلىش كورىشىدە ئېرىشكەن مۇۋەپپىقىيىتىدۇر. ھەقىقى پەننى بىلىم ئىنسانىيەتنىڭ
دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرىشى جەريانىدا قول-
غا كەلتۈرگەن بىلىملىرىنىڭ يەكۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئىنسان مەدىنىيىتىنىڭ
ئاساسى نەتىجىسىدۇر. ھالبۇكى بۇ نەتىجىلەرنى خاتىرىلەيدىغان تىلدىن ئۆز-
گە ھېچقانداق بىر ئۈنۈملۈك قورال يوقتۇر. بۇ ھەقتە ستالىن مۇنداق دەپ كورسەتكەن:
«تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئارا ئالاقىلىشىدۇ. پى-
كىر ئالماشتۇرىدۇ. بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بو-
لىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ
مۇۋەپپىقىيەتلىرىنى سوزلەر بىلەن ۋە سوزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر بىلەن خاتىرلەپ قويىدۇ
ۋە سوزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەربىلەن ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە پىكىرئالماشتۇرۇش ئىمكانى-
يىتى تۇغۇلىدۇ.» (ستالىن: "ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى » 30- بەت. ئۇيغۇرچە
كىتاپ)

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىمائى جە-
مىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى ئۆز ئانا تىلىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى ياخشى ئىگەللىشى،
تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرى بولغان گىراماتىكىنى ياخشى ئىگەللىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا
پەن - مەدىنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇكەممەل قورالغا ئېرىشكەن بولىدۇ. جەمىيەتتە پىكىر
ئالماشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم، بۇ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش بولمىسا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بى-
لەن بولغان كۈرىشى جەريانىدىكى زورۇر ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىدىكى ئورت-
تاق ھەركىتىنى تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش پائا-
لىيەتلىرىدە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، ئاخىرى ئىشلەپچىقىرىش-
مۇ، مەدىنىيەتلىك ئىنسانمۇ مەدىنى جەمىيەتمۇ ماۋجۇت بولمىغان بولارئىدى. دىمەك ئىنسا-

---

(بېشى 37 ـ بەتتە)
يىنىكى ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلى پاكىتلىق
ماتىرىياللار تا بۇكۈنكى كۈنگە قەدەر ئې-
نىق ئەمەس.

تاجىك خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ناخ-
شىچىسى ۋە قوشاقچىسى لۇنجىكنى ھازىرغا
قەدەر چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھورمەت بىلەن
ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ خەلقمۇڭ-زارىنى، ئارزۇ-
ئارمىنىنى كۈيلىگەن تەسىرلىك ناخشا -قو-
شاقلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. لونجىكنىڭ ھايا-
تى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتى تاجىك خەلقىنىڭ
ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندۇر،
ئۇنىڭ نامى ۋە ئىجادىيىتى سارقول تاجىك-
لىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىر-
قى نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە ھېلىمۇ قىممىتى-
نى ساقلاپ كەلمەكتە.

1979- يىلى 20- يانۋار تاشقورغان.

نىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تىلنىڭ تارىخى ئىلىم پەن تارىخىدىن ئۇزۇن بولۇپ، تىل ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ تارىخقا ئىگە دېيىش مۇمكىن. ئىنسانىيەت تارىخىنى ھازىر 5-6 مىليون يىل دەپ ھېسابلىغاندا تىلنىڭ تارىخى مۇشۇنچىلىك ئۇزۇن. مەملىكىتىمىزنىڭ 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى بار دەيمىز. بۇ يېزىق بىلەن ساقلانغان 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يازما تارىخىمۇ ھازىر تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ. (بەزى تارىخچىلار 4 مىڭ يىلدىن ئارتۇق دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.) بۇمۇ تىل يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئىلمىي كىتابلار، تارىخنامىلارغا قاراپ چىقىرىلغان خۇلاسە. مەسىلەن: دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئۇلۇغ ئەسەرلەردىن ھېسابلانغان «قۇتادغۇبىلىگ»، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ۋە باشقا نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلىرىمىز تىل - يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن بولغىنى ئۈچۈن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن. ئەگەر بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئەنە شۇنداق يازما يادىكارلىقلىرىمىز تىل-يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلمىغان بولسا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. دېمەك، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى راۋاجلانغان پەن مەدەنىيەتكە ئىگە، مەدەنىي مىللەت قىلىپ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىل - يېزىق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتكە خاس بولغان ئورتاق تىل - ئانا تىلى ئارقىلىقلا راۋاجلىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەن مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى تىل يېزىقىمىزغا ئۈنۈملۈك ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، تىلىمىزنى تېخىمۇ ياخشى قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ قانداقتۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان، نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلارنى يارىتىپ بەرگەن ئەنئەنىۋى يېزىقنى تاشلىۋېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئۇنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. تىلمۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە. تىل روشەن مىللىي خاراكتېرگە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكى، شۇ تىلنىڭ تاۋۇش، سۆز تەركىبى بىلەن گىرامماتىكىسىدا، شۇ مەنىدىن ئالغاندا تىلنىڭ بويسۇنىدىغان قانۇنىيەتلىرى گىرامماتىكىدا، (فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس) مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ. گىرامماتىكا سۆزلەردىنمۇ، جۈملىلەردىنمۇ ئايرىم ۋە كونكرېت نەرسىلەرنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە سۆزلەردىن جۈملىلەر تۈزۈشكە ئاساس بولىدىغان ئومۇمىي نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن گىرامماتىكا قائىدىلىرىنى تۈزىدۇ. دېمەك گىرامماتىكا ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئېلىپ بارغان ئابستراكتلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ نەتىجىسى، مۇشۇ جەھەتتىن گىرامماتىكا گېئومېترىيىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى گېئومېترىيە ئۆز تېئورىيىلىرىنى كونكرېت ئوبيېكتتىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ چىقىرىدۇ. ھەرخىل ئوبيېكتلارنى كونكرېت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان جىسىملار دەپ قارايدۇ ۋە مەلۇم كونكرېت ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق كونكرېت خۇسۇسىيەتكە

ئىگە بولمىغان ئومۇمى جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ماتېماتىك بەلگىلەر سىستېمىسى ئىنسانىيەت ئەقىل پاراستى ئىجات قىلغان ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىقتىساتچىل تىل سىستېمىسىدۇر. ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىن كېيىن - «بەلگىلەر ئالگېبراسى» ۋە "ئانالىتىك گېئومېترىيە" بارلىققا كەلدى. ماتېماتىكىنىڭ بۇنداق ئابستراكتسىيە ئۇسۇلى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، ئىتالىيىلىك ئۇلۇغ ئالىم گالىلېي مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز قالدۇرغان: «ئۇلۇغ تەبىئەت چوڭ بىر كىتابقا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تىل بىلەن يېزىلغان كىتاب بولماستىن، بەلكى ماتېماتىكىلىق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان كىتابتۇر.» مانا بۇ ھازىرقى زامان ئىلىم پەنلىرىنىڭ ماھىيەتلىك بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەقىقەتەن قەدىمقى زاماندىكى ئارىفمېتىكىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق بۇرۇلۇش بەلگىلەر سىستېمىسىنى كىرگۈزگەنلىكتە.

قەدىمقى ماتېماتىكلار ماتېماتىكىلىق ھېساپلاشلارنى كۈندۈلۈك تۇرمۇشتىكى تىل بىلەن ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چاغلاردا ئەڭ ئاددى تەڭلىمىلەرنى يېشىشمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە بەكمۇ ئاستا بىر ئىش ھېساپلانغان، ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسى ۋە نەزەرىيىۋى فىزىكا، نەزەرىيىۋى خىمىيە قاتارلىقلاردا ھازىر مۇھىمى بەلگىلەر سىستېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ ھەقتىكى كىتابلارنى ھەر قانداق كىشى ئېچىپلا ئۇنىڭدىكى ئاساسى زەررىچىلەر، خىمىيىۋى تۈزۈلمىلەر، ئىرسىيەت شىفىرلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسىدا بەلگىلىك تەسىراتقا ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلشۇناسلار تەبىئى تىلنى (ئانا تىلنى) ماتېماتىك بەلگىلەر سىستېمىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ئىلمى ئىپادىلەش شەكىللىرىمۇ يېڭى راۋاجلىنىش باسقۇچىغا - يەنى ئىلگىرىكى ماتېماتىك بەلگىلەرنى تەبىئى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن، ئۇنىڭ ئەكسىنچە ماتېماتىك بەلگىلەر ئارقىلىق تەبىئى تىلنى ئىپادىلەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ھالبۇكى ئانا تىل بولمىغان بولسا، بۇ باسقۇچقا يېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى تىل ئىلمىگىمۇ يېڭىلىقلار ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن: ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ تىل ئىلمىدا قوللىنىلىشى بىلەن ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىقى، ھېساپلاش تىلشۇناسلىقى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى.

پەنلەرنىڭ تۈرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ماتېماتىكا بىلەن تىلشۇناسلىق ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاقلىق يوقلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇلار مەزمۇن ۋە شەكىلدىن تارتىپ ئۇسۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر - بىرىدىن شۇنچە كەسكىن پەرق قىلىدۇكى، گويا ئىنسانىيەت ئىلىم خەزىنىسىدە بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئىككى قۇتۇپ بولۇپ ئۇيۇشقاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ ئىككى پەن بىر - بىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ھەر قايسىسى ئۆز يولى بويىلاپ تەرەققى قىلىپ كەلگەن. بىر - بىرىدىن مۇشۇنداق كەسكىن پەرق قىلىدىغان بۇ ئىككى پەننى ئۆز ئارا باغلىغان ۋاستە ھازىرقى زامان ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بولدى.

ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان تەتقى -
قاتچىلارنىڭ ئاپتوماتىك تىل تەرجىمىسىنى يولغا قويۇش، تىل تاۋۇشلىرىنى پەرقلەندۇرۇش،
ھېساپلاش ماشىنىسى بىلەن خەۋەرلىشىشنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى سىگنال ئارقىلىق
بىر تەرەپ قىلىش غايىسى كۆچايدى. بۇ مەسىلە تىل يېزىقىنىڭ بەلگۈ سىستېمىسىنى ماتېما -
تىك شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان ئۇچقاندەك
راۋاجلانغان. ماتېماتىكافىزىكا ئىستاتىستىكىسى ، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ، ماتېماتىكا فىزىكا
لوگىكىسى ، توپلام نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىل بەلگۈلىرىنى ماتېماتىك ئۇسۇل
بىلەن تەتقىق قىلىشنى كۆچلۈك قورال بىلەن تەمىنلىدى . ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىغى-
نىڭ ئەسلىدىكى نىشانى تىلنى ماتېماتىك ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى .
ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ تەرەققىياتى ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىغىدىن ئى-
بارەت بۇ بىر " چولپان " نى ھازىرقى زامان ئىلىم پەن سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى . ئېلېك-
ترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنى تىزگىنلەش ، " ئادەم بىلەن ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ما-
شىنىسىنى سوزلەشتۈرۈش " نى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن تىل سىستېمىلىرىنى بىلەلەيدى-
غان بىر يۈرۈش ھېساپلاش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىش زورۇرىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر قانچە يىل تىرىشچانلىق كورسۇتۇشلەر نەتىجىسىدە ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئاجايىپ ما-
ھىر تىللىرى لايىھىلىنىپ چىقتى ۋە بۇ تىل « يۇكسەك تىل » دەپ ئاتالدى. مەسىلەن: فور-
مۇلا تىلى *FORTRAN*، ھېساپلاش تىلى *ALGOL*،سودا-تىجارەت تىلى *COBOL* قاتارلىقلار.
مانا بۇلار تەبىئى تىل بىلەن ئوخشاش " سۈنئى تىل " بولۇپ شەكىللەندى. بۇ خىل " سۈنئى
تىل " مۇ ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ۋە پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان تىل ئىكەنلى-
كىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمىسا كېرەك . شۇڭلاشقا ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلار خالىسۇن ياكى خا-
لىمىسۇن « تىل » نىڭ تەبىرى ئۆزگەردى ، كېڭىيىپ تولۇقلاندى . تىل دىگەن نىمە ؟ تىل
دىگىنىمىز ئالاقىلىشىدىغان ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەلگۈ سىستېمىسىدۇر . شۇنداق بولغىنى
ئۈچۈن ئەسلىدىكى « تاۋۇشلۇق تىل » ھازىر تىلنىڭ پەقەت بىر خىلى بولۇپ قالدى ،
خالاس .
ماتېماتىكا فىزىكا تىلشۇناسلىغى يالغۇز « تەبىئى تىل » نى تەتقىق قىلىپ قالماستىن
« سۈنئى تىل » لارنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى تىلشۇناسلىق كىيىنكىسىنى تەتقىق
قىلىشقا ئامالسىز ، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىدىكى « سۈنئى تىل » سىستېمىسىنىڭ
تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىغىنى - ماتېماتىكا، تىلشۇناسلىق ، ئې-
لېكترونلۇق ھېساپلاش ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر شەرەپلىك ئە-
زاسى قىلىپ ئېلىش ئۈچۈن تالاشماقتا. ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىغىمۇ تىل تەتقىقاتىدىكى
نەتىجىلىرىنى «تەبىئى تىل» ساھەسىگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئىزدەنمەكتە.
ئابستىراكىت ماتېماتىكائۇسۇلى بىلەن ھېساپلاش ماشىنىسىدىن ئىبارەت قورالنىڭ ئىجتىما-
ئى پەن ساھەسىگە مۇنداق سىڭىپ كىرىشى ۋە بىر قاتار سانلىق مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قازىنىشى
ئىجتىمائى پەن بىلەن تەبىئى پەن ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ھاڭنى ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ما-
شىنىسىدىن ئىبارەت قورال بىلەن تىندۇرۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېقىندىن بارلىققا كەل-
گەن گىرداپ پەنلەر « ھېساپلاش ماشىنىسى » دىگەن تاجىنى كوتىرىۋېلىپ ، ھېساپلاش تىل-

شۇناسلىقى ، ھېساپلاش فىزىكىسى ، ھېساپلاش خىمىيىسى ، ھېساپلاش گېئولوگىيىسى ، ھېساپلاش ئاستىرونومىيىسى ..... دېگەنگە ئوخشاشلارنى بارلىققا كەلتۈردى .

دەسلەپقى ماتېماتىكافىزىكا تىلشۇناسلىقى ئاساسەن ماتېماتىكافىزىكا ئىستاتىستىكىسى ۋە ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ئۇسۇلىنى قوللىناتتى . ھېساپلاش ماشىنىسى سىگنالللىرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغاچقا ، ھەر قايسى ئەللەر تىل يېزىق جەھەتتىكى ئىستاتىستىكا تەھلىلىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ ، نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ھەر خىل شەكىلدىكى تىل مەنىلىرىنىڭ چاستوتا ئۆلچەملىك لوغەتلىرى، ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەرنىڭ تېرمىنلىرى توغرىسىدىكى چاستوتا ئۆلچەملىك لوغەت، ئاتاقلىق يازغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تېرمىنلەرنىڭ چاستوتا ئۆلچەملىك لوغىتى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى .

ھەر بىر كىشىنىڭ يېزىش ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئۇ ئىشلىتىدىغان تېرمىنلەرنىڭ چاستوتا ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . مۇشۇنداق چاستوتا ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەنگلىيەلىك ئىستاتىستىكا شۇناس يولى ( YuLe ) دېگەن كىشى « يولى گىراپىگى » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل چىرتيوژلىق سىخىما ئىشلەپ چىققان . بۇ خىل سىخىمىدىن پايدىلىنىپ ئىمزاسىز ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلىرىنى تېپىش ئوڭايلاشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ ئىمزاسىز ئەسەرنىڭ يولى گىراپىگىنى ئىشلەپچىقىپ، ئاندىن گۇمانلانغۇچى كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ يولى گىراپىگى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . بۇ ئەدەبىياتتىكى گۇمانى ئاساسلار تەتقىقاتىدا ( مەسىلەن: مۇشۇ ئەسەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ) جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ . ئۇندىن باشقا مەخپى شىفىرلارنى تەرجىمە قىلىپ پاش قىلىشتا ئىستاتىستىكا تىلشۇناسلىقى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

تىلدىكى ئىچكى قاتلام قۇرۇلىشىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىكى ماددى ئاساس ئادەملەرنىڭ فىزولوگىيەلىك سىگنالى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئادەملەرنىڭ ئېقىل ـ ئىدرىكى ھامان تىل سىگنالى ياردىمى بىلەن ئىپادىلەنگەندەك ، ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ سۈنئى ئىقتىدارىمۇ ھامان تىل سىگنالللىرىنى ئاساس قىلىدۇ . ھېساپلاش تىلشۇناسلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ ـ تەبىئى تىل بىلەن سۈنئى تىل ئوتتۇرىسىدا بەلگۈلۈك تۇساق پەيدا قىلماستىن بەلكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ـ ئارا باغلىنىشنى ۋە بىرلىكنى تەتقىق قىلىشنى كوزدە تۇتىدۇ.

تىل ـ ئەدەبىيات بىلەن تەبىئى پەنلەر ۋاستىلىرى ئەزەلدىن ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ بىرجۈپ قانىتى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تارىختىكى رولى ئوخشاش بولماي كەلدى. ئەمدىلىكتە ماتېماتىكا فىزىكا تىلشۇناسلىقى ھازىرقى زامان پەنلىرى ئاساسىدا بىرلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل بىرلىشىشتىن بارلىققا كېلىدىغان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۇمۇمى ئەھمىيىتىنى مولچەرلەش ناھايىتى قىيىن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپتىكى ئىككى جەھەتتە ئىنتايىن كەڭ مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر بىر قېتىملىق ئۇلۇغ كەشپىياتلار ۋە ئىجادىيەتلەر ھامان تىل ـ ئەدەبىيات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. تارىختىكى مەدەنىيەت قورالى جەھەتتە «بۈيۈك كەشپىيات» دەپ ئاتاشقا تېگىشلىك دەۋر بولگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە

بولغان يېڭى كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: بۇندىن 2000 يىل ئىلگىرى قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تىل-يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەپ ساقلاش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇندىن 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى، 100 يىل ئىلگىرىكى ياۋروپالىقلار كەشپ قىلغان خەت بېسىش ماشىنىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلېكترونلۇق خەت تارقىتىش ماشىنىسى قاتارلىق تورت چوڭ بۈيۈك كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى تىل-يېزىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ تورت قېتىملىق بۈيۈك كەشپىياتنى كۆزىتىدىغان بولساق بۇلارنىڭ ھەممىسى تىل - يېزىقنى ئىپادىلەش، ساقلاش، يوللاش ( يەتكۈزۈش ) ۋە قايتا ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھەر يىلى 400 مىڭ خىل كىتاب 200 مىڭ خىل قەرەللىك ژورنال نەشر قىلىنغان بولۇپ بۇنىڭغا 3 مىليون پارچە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى بېسىلغان. بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى مىڭدىن ئارتۇق كىتاب، 100 مىڭ پارچە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسى بېسىلىپ چىققان دىگەن سۆزدۇر. دىمەك كىتاب ماتېرىياللارنىڭ كۆپىيىش تېزلىكى ھەر 5 يىلدىن 7 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ھەسسە ئاشقان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيادىكى كىتابى ئەدەبىياتلار ( ھەر خىل كىتاب، گېزىت، ژورنال قاتارلىق ماتېرىياللار ) نىڭ سانى 16 ھەسسە ئېشىشى مولچەرلەنمەكتە.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئىككى تەرەپلىمە تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى شۇنچىلىك تېز بولماقتىكى بۇنداق ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان كىتاب ماتېرىيال ئاخباراتلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ساقلاش ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئالدىغا ھەل قىلىش مۇشكۇل بولغان يېڭى ۋەزىپىلەرنى قويماقتا. نەشرىياتچىلىق، ئاخباراتچىلىق، كۇتۇپخانا، مەكتەپلەر بۇنداق نۇرغۇن كىتاب ماتېرىياللار دولقۇنىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا مۇكچۇيۇپ قېلىش ھالىتىگە كېلىپ قالدى. مۇشۇنداق جىددى ئەھۋال ئاستىدا ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىشىلەرنى بۇ باش قېتىمچىلىقتىن قۇتقازدى. « بۈيۈك ئىنقىلاپچى » دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى دائىرىسىدە سىڭىپ كىرمىگەن ساھەلىرى قالمىدى. شۇڭلاشقا بۇ يالغۇز ھېساپلاش قورالى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىل-يېزىقنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇھىمى يېزىق شەكلىدە ئىپادىلەنگەن كىتاب، ماتېرىيال دەرسلىكلەردىن ئىبارەت ئاخبارات ياكى سىگنال دەپ ئاتىلىدىغان ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ مۇھىم قورال بولۇپ قالدى. شۇڭا بەزىلەر ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى دىگەن نامنى " سىگناللارنى بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسى " دەپ ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلماقتا. دىمەك ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى تىل يېزىق ئىلمىنىڭ ئالدىغا يېڭى ۋەزىپىلەرنى قانائەتلىنەرلىك ئورۇنلاپ ئىلىم - پەندە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئانا تىلىمىزنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، تىلىمىزنى زامانىۋى باي تىلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، قېدىمقى تىلىمىزنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز، تىلىمىزنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بېيىتىشتىن ئىبا-

رەت باش تارتىپ بولماس بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم .

ئېنگېلس : « بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن ، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز قالماسلىقى كېرەك . » دەپ كۆرسەتكەن . تەپەككۇر تىلدىن ئايرىلىپ يەككە - يىگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىل- يېزىق تەتقىقاتىنى ، ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار . شۇ مەسىلىلەرنى قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەندە ، تەتقىق قىلغاندا ئاندىن مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىپ چىقىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلەيمىز ۋە شۇ خىل تارىخى ئىلمى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا تىل يېزىقىمىزغا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ، ماھىيەتتىن ئالغاندا مىللى مەدەنىيىتىمىزگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ . ياخشى ۋارىسلىق قىلغاندىلا ئۇنى توغرا راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ . جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت ، تۇرمۇش ، ئۆرپ - ئادەت ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى تىل- يېزىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. تىل- يېزىق ئىنسانلار توپلىغان تەجرىبىلەرنى خاتىرلەش بۇ تەجرىبىلەرنى تارقىتىش شۇ ئارقىلىق ئوبىكتىپ دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى كۈچلۈك قورال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت توپلىغان بىلىملەرنى خاتىرلەپ ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ . ئەگەر تىل - يېزىق بولمىغاندا ، ھەر قانداق بىلىمنىڭ تارقىلىشى ۋە ھەر قانداق تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى . مانا بۇنىڭدىن ئېلىم - پەن بىلەن تىل - يېزىقنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى زىچلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس . ئەدەبى ئەسەرلەر يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، مەيلى ئىلىم پەن ئىجادىيەتلىرى بولسۇن ياكى سىياسى ، ئىقتىسادى ، دىنى ۋە باشقا ھەر قانداق مەزمۇندىكى نەرسىلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى يېزىق بىلەن خاتىرلىنىدۇ ۋە بۇ خىل تىل - ئەدەبى تىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ . ئەدەبى تىل يازغۇچىنىڭ ، جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ ئەمگەكلىرى بىلەن مىللى تىلنى پىششىغلاپ ئىشلىشى مىللى تىلنى يۈكسەكلىككە كوتۈرۈشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ . بۇنىڭدىن تىل يېزىقنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى بىلەنمۇ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كورەلەيمىز .

تىل- يېزىق پىكىر ئالماشتۇرۇش ، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش قورالى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ، ئوي - پىكىرنى توغرا ، ئېنىق ، جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشى لازىم . بۇ تىلدىن توغرا پايدىلىنىش مەسىلىسىدۇر . تىلدىن توغرا پايدىلىنىش ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . تىلدىن توغرا پايدىلىنىش يەنى تىلنىڭ توغرا ، ئېنىق جانلىق بولىشى ئۈچۈن ، توغرا لوگىكىلىق شەكىلدىن ، توغرا تىل قۇرۇلىشى شەكلىدىن پايدىلىنىش كېرەك. شۇندىلا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن لوگىكا ۋە گىراماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ .

لوگىكا ۋە گىراماتىكا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن تىلنىڭ توغرا ، ئېنىق ، جانلىق ، چۈشىنىشلىك بولىشىدا بۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ ، لوگىكا تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن. لوگىكا بىلىملىرى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ، ئىدىيىنى توغرا ، ئېنىق ، ئىخچام ، ئىزچىل ھالدا ئىپادىلەشكە ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ راۋان چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ . دېمەك گىراماتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ

مەقسىدى پىكىرنى چۈشۈنىشلىك ئېنىق، راۋان، ئىخچام ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىرنى چۈشۈنىشلىك توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

شۇڭلاشقا مىللىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ زامانىۋى مىللەت قىلىپ راۋاجلاندۇرۇشتا تىل - ئەدەبىياتنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بۇنداق شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنىڭ باشلىنىش نوقتىسىدا تۇرغان بۇ بىر ئەۋلات زىيالىيلار تېخىمۇ تىرىشىپ كۆچ چىقىرىشىمىز، قېتىقىنىپ ئىزدىنىشىمىز لازىم. بۇنداق ئىزدىنىش جەريانىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا يار - يۆلەك بولۇپ، بىر - بىرىمىزدىن ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا قىزغىن مەدەت بېرىشىمىز ۋە قوللىشىمىز لازىم. شۇنداق روھ بىلەن تىرىشىپ ئىزدەنسەك شىنجاڭنىڭ پەن - مەدەنىيىتى تارىخى، تىل - ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ ئېچىلمىغان خەزىنىدىن تۈگىمەس گوھەرلەرنى تېپىپ چىقىپ خەلقىمىزنى بەھرىمەن قىلالايمىز ۋە شۇنداق قىلىشىمىز تامامەن مومكىن. بۇ ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا، پىداكارلىق بىلەن ئۆگىنىشىمىزگە، ئىشلىشىمىزگە باغلىق.

يۇقۇرقىلاردىن ناھايىتى ئېنىقكى پەن - مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە تىل - ئەدەبىيات موھىم بىر قانات. ھەر قانداق قۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلىشتا ئىككى قاناتقا تايىنىدۇ. پەن - تېخنىكىدا يەنى پەن - مەدەنىيەتتە پەرۋاز قىلىش ئۈچۈنمۇ تىل - ئەدەبىيات ۋە پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى قاناتقا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىمۇ بۇ نوقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ مەقسىدى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوزلەش، يېزىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ. ئەگەر بۇ نوختا ئىشقا ئاشىدىكەن، تەبىئى پەنلەرنى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقۇرى كوتەرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، ئەگەر ئوقۇغۇچى سوزلەشكە، يېزىشقا، تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولسا ئۇ ھالدا بۇ ئوقۇغۇچى تەبىئى پەنلەردىكى مۇرەككەپ تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقلارنى ۋە تۈپ پەرقلەرنى ئاسان پەرق ئېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئېغىزاكى بولسۇن ياكى يېزىش ئارقىلىق بولسۇن راۋان، چۈشۈنۈشلىك، پەننىڭ ئۆز قائىدە - قانۇنلىرى بويىچە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبى ئەسەرلەردە، ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلىشى، ئىپادىلىنىش شەكلى بولغىنىغا ئوخشاش، تەبىئى پەندىكى ئىلمى ئەسەرلەردىمۇ ئۇنىڭ قۇرۇلىشى، ئىپادىلىنىش شەكلى، ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەر بولىدۇ. ئەگەر ئەدەبىياتنىڭ شۇ خىل قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىگەندە، مەزمۇنلۇق، چۈشۈنىشلىك ئىلمى ئەسەرلەرنى يارىتىشمۇ قېيىن بولىدۇ.

تەبىئى پەن قانۇنلىرى كوپۈنچە ماتىماتىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ھامان تىل ( نۇتۇق ) ئارقىلىق شەرھىلىنىدۇ. مەيلى ماتىماتىك شەكىل ( فورمۇلا ) بىلەن ئىپادىلەنسۇن ياكى تىل ئارقىلىق سوزلەنسۇن، ئۇ ئىلمىلىكى كۈچلۈك، لوگىكىلىق، توغرا، ئىخچام، ئېنىق بولىشى كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يەنىلا تىل - ئەدەبىياتقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىدىمۇ بۇ مەسىلىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

# شېئىرىيەتتىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەسىلىسى توغرىسىدا

سەمەت دۇگايلى

ئامېرىكىلىق ئولۇغ ۋېندېل ھولمېس (1809 – 1894) ئۆزىنىڭ نەسىر ھېكايە يازماي-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندە، ھېكايە يېزىش شېئىر يېزىشقا يەتمەيدۇ، شېئىر يازغاندا يېزىقچىلىقتىكى
ۋەزىن، قاپىيىلەردىن پايدىلىنىپ ئويلىغانلىرىنى گۈزەللەشتۈرگىلى بولىدۇ، ھېسسىياتنىڭ
چاقنىغان نۇرلىرى كىشى يۈرىكىنىڭ قېپ – يالىڭاچ تۇرقىنى يېپىپ تۇرىدۇ؛ ھېكايە يېزىش-
تا بولسا كىشى ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تامامەن ئاشكارىلىۋېتىشتىن تاشقىرى، ئۆز ئەترا-
پىدىكى يېقىن دوستلىرىنىمۇ پاش قىلىپ قويىدۇ، دېگەن ئىدى. ھولمېسنىڭ ھېكايە يېزىش-
تا ئىپادىلەيدىغان ھېس – تۇيغۇدىن قېچىپ شېئىرىيەتتە ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈشى بۇ ئۇنىڭ
سۇبيېكتىپ ئاقلىنىشىدىن ئىبارەت بولسىمۇ شېئىرىيەتتە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەسىلىسىدە
مۇھىم بىر نۇقتىنى خۇلاسىلاپ چىقىرالىغان: يەنى شېئىرلار شائىر قەلبىنىڭ دولقۇنلىنىشى
ياكى ھېسسىياتنىڭ چاقنىغان نۇرى. ئەندى پاش قىلىپ قويۇش مەسىلىسىگە كەلسەك ھولمېس
پاش بولۇپ قېلىشتىن ھەرقانچە قورققاندىمۇ شېئىر بەرىبىر شائىر قەلبىنىڭ ئىنكاسى سۈ-
پىتىدە شائىرنىڭ ئوي – پىكىرلىرىنى، ئويلىغان، ئويلاۋاتقانلىرىنى پاش قىلىپ تۇرىدىغان ئەي-
نەك. بىز كىلاسسىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (قوشاقلار)، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئار-
قىلىق ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىيەتنى چۈشىنىپلا قالماي يەنە خەلق قوشاقلىرى ئارقىلىق
خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى، كىلاسسىكلارنىڭ مىسرالىرى ئارقىلىق كىلاسسىكلارنىڭ ھېسسىياتىنى رو-
شەن بىلىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ھېسسىياتنىڭ ئۆزىگە كەلسەك ئۇ شائىرنىڭ كۆرگەن، بىلگەن ۋەكەچۈرگەنلىرىدىن كېيىن-
كى چىقارغان خۇلاسىسىدىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق خۇلاسە شېئىر بولۇپ يېزىلغاندا شائىرنىڭ
كۆرگەن، بىلگەن ۋە كەچۈرگەنلىرى قانچىلىك يېغىنچاق ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولسا ئۇ ئۇمۇمى
خەلق ھېسسىياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۈگەل ئۆزئىچىگە ئالالمىغاندىمۇ بىر قىسمىنى، ھېچ-
بولمىغاندا شۇنداق خۇلاسىغا كېلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. مانا بۇ شېئىرىيەتتە
ھېسسىياتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىرى تىل بىلەن "ئىچكى رىتىم" دېيىلىدىغان
تەسىرلىنىش تەبىئى يوسۇندا شائىر مىسرالىرى ئارقىلىق "ئوچۇق رىتىم" يەنى ئۇمۇمى تەسىر-
لىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئىجتىمائىيەتتىن ئەڭ تەسىرلەنگەن، تەسىر-
لەنگەندىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن چاغدا ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئادەتتىكى ھېسسىياتتىن ھالقىپ شېئىرى ھېس-
سىياتقا كۆتۈرۈلىدۇ. شېئىرى ھېسسىيات مانا شۇ باسقۇچتا تەبىئى سوزۇلىگەندەك شېئىرى سۆزنىڭ

يېپىشىپ تۇرىدىغان جۇغلانمىسىغا ئايلىنىپ، قەلب ساداسى بولۇپ جاراڭلايدۇ. بۇنداق قەلب ساداسى كىتابخانلار قەلبىنىڭمۇ چوڭقۇر جايلىرىنى كېزىپ چىقالايدىغان، توسقىلى بولمايدىغان نۇرغا ئايلىنىپلا قالماي بەلكى يەنە كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان كۆڭۈل سىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ شېئىرىيەتتىكى مەزمۇنەن قىياسنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى يازغان شېئىرلاردىكى ھېسسىيات قانچىلىك ئېچىنىش تۇيغۇسىغا باي بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ، ھامان، شۇ ئېچىنىش ھېسسىياتىغا سەۋەبچى بولغان ئامىللارنى پاش قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ خۇشال-خۇراملىقلىرىنى، نۇرلۇق، مەنالىق ھاياتلىرىنى يازغان شېئىرلاردىكى ھېسسىياتمۇ مەيلى ئۇ ھەرقانچە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن ياكى فانتازىيە بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، بەرىبىر يەنىلا شات-خۇراملىققا ئاساس بولغۇچى ياكى شات-خۇراملىقنى پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنى تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شېئىرى ھېسسىيات يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك شائىرنىڭ ئىجتىمائىيەتتە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرلىنىشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن تۇيغۇسىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولغانلىقتىن، شېئىرى ھېسسىيات ئۈچۈن مەنبە بولغۇچى ئاساسى بۇلاق يەنىلا رىئال ھاياتتۇر. رىئال ھايات بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابى دەپ مىسال قىلىنغاندا، شائىر ئۇنى چالغۇچى سازەندىدۇر. ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە چېلىش، قانچىلىك كىشىگە ياققىدەك چېلىش-بۇ شائىرنىڭ ماھارىتىگىلا باغلىق بولغان بىر تەرەپ ھېساپلىنىپلا قالماي، قانچىلىك ھېسسىيات بىلەن چېلىشمۇ مۇھىم بىر تەرەپ بولۇشى لازىم.

شېئىرىيەتتە ھېسسىياتنىڭ مۇھىملىكىگە بولغان تونۇش مەسىلىسى ھەۋەسكار شائىرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل شۇغۇللانغان شائىرلار ئارىسىدىمۇ يېتەرلىك دىققەتتىن چەتتە قېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىسى. شېئىرلاردا ياكى تىل ئىشلىتىشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ باشقا ئالاھىدىلىكلەر قاتارىدا ھېسسىياتقا سەل قارايدىغان خاھىشلار ياكى شېئىرى مەزمۇن، شېئىرى مەنا بىلەن شېئىرى مەقسەتنى چەكلەپ تۇتۇپ ھېسسىياتقا سەل قارايدىغان خاھىشلار ياكى ۋەزىن بىلەن قاپىيەنىڭ چىرايلىق، مۇزىكىلىق ۋە يېپىشىپ تۇرۇشىغا ئىجتىھات بىلەن كۈچۈنۈپ ھېسسىياتقا سەل قارايدىغان خاھىشلار شېئىرنىڭ مۇكەممەللىكىگە نۇقسان كەلتۈرۈۋاتقان ھەمدە شېئىرنىڭ ھازىرقى ھاياتى كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كەلگۈسى ھاياتى كۈچىگە ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىۋاتقان سەۋەپلەردىن بىرىدۇر. شېئىر ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۆز شېئىرلىرىدىن ئۆزى ئاۋال تەسىرلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ تەسىرلىنىپ كېتىشىنى خالايدۇ، بىراق بۇ قەدەر ياخشى ئارزۇ - ھەۋەس ھالىتىدە قېلىپ ئەمەلى ئىجتىمائى ئۈنۈم شۇ شائىرنىڭ كۈتكىنىدەك چىقىدىغان شېئىرلار ئۇنچە كۆپ ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان رىئال پاكىت. بۇنى يەنە شۇنداق ئەيتىش كېرەككى، ھەر كىم ئۆز بېغىدا ئۆسكەن مېۋىلەرنىڭ تاتلىق، شىرىن بولۇشىنى خالىغىنىغا ئوخشاش ھەر قانداق بىر شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن مەدھىيىلىنىشىگە ئېرىشىشنى خالايدۇ. بىر قىسىم شائىرلارنىڭ كۈنلەر ئۆتكەنسېرى شېئىر ئىجادىيىتىدىكى تۇرغۇنلۇق، بىر خىللىق ۋە ئەگىشىشنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئىجادى ئۈمىتسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، ئاخىرقى ھېساپتا شۇ شائىرنىڭ ئىنسانى ھېسسىياتىنى ئىنسانلارغا باپ كېلىدىغان ئومومىيەتچى-

لىككە ئېرىشتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ھېسسىياتقا سەل قارىغانلىقتىندۇر، بۇھال مەيلى ئىقرار قىلسۇن ياكى ئىقرار قىلمىسۇن شائىرنى زېرىكتۈرىدۇ ۋە كۈنلەر ئوتكەنسېرى شائىرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسى ئاجىزلىشىپ زېرىكىش ھەم يېزىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك ئەھۋالات يۈز بېرىدۇ.

شېئىرى ھېسسىياتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى سوزلىگىنىمىزدە شائىرلارنىڭ بەزىسىنىڭ ئىنتايىن زىددىيەتلىك كۆرەش ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش كەمرەك مۇھىت ئىچىدە ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ شېئىرى ھايات ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئونتۇماسلىقىمىز لازىم. بەزى شائىرلار گەرچە شېئىرى ھايات ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ بونداق شېئىرى ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان تەسىرلىك مۇھىت بىلەن ھەممە شائىر ئورتاقلىشالىغىنى يوق. ھالبۇكى بەزى شائىرلار ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغان ۋە باشقىلاردىن بىرەرمۇ پەرق بىلەن ئاجرىلىپ تۇرمايدىغان تۇرمۇشىنى داغدۇغىلىق شېئىر قىلىپ يازماقچى بولىدۇ. ئەمما نەتىجە شۇنداق بولۇپ چىقىدۇكى ئەنە شۇنداق زورۇقۇش ۋە سۈنئىي كۆچۈنۈشتىن مەيدانغا كەلگەن شېئىر قاپىيىلىك ئەسلىمە ياكى قاپىيە ۋە ۋەزىنلىك نەسىھەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنداق بولسا قايناق كۆرەش ئىچىدە ئوتىۋاتقان ھايات ياكى شېئىرى ھايات دىگەنلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق ئالاھىدىلىك بار؟ بۇ يەنىلا تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشنىڭ خۇلاسىۋى نەتىجىسى بولۇپ بىرسىگە مەنىلىك، قايناپ تۇرغان زىددىيەتلىك بولۇپ كۆرۈنگەن ھادىسە ئىككىنچى بىرسىگە جىم-جىت، زېرىكەرلىك بولۇپ كۆرۈنىسىمۇ، ھېسسى دونياسىنىڭدا ئىرىسى-دە شېئىرغاباي ياكى شېئىرسىز كۆرۈنۈشى ناھايىتى تەبىئىي. شېئىرغاباي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئەسلىدىن شۇنداق بولۇپ تۇرمايدۇ. بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغان ھېسسىياتتىكى (شائىر ھېسسىياتىدىكى) تۇرمۇش ھادىسىلىرىدۇر.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى: ھېسسىياتى بولمىغان، ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپلا قاپىيىۋى خاتىرە سۈپىتىدە يېزىپ قويۇلغان شېئىرلار بىزنىڭ تىلىمىزدا باشقا ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىپ «شېئىر» نامىدىن قالمىغاندىمۇ ئۇنى ھەقىقىي، كىشىلەر ھېسسىياتىدا قالالىغۇچى شېئىر دەپ ھېساپلىغىلى بولمايدۇ. ھېچبولمىغاندا خاتىرە، ئەسلىمە ياكى تونۇشتۇرۇش قائىدىسى بىلەن يېزىلغان ھەشەمەتلىك قۇرلار كىشىلەرگە ھېچقانداق تەسىر بېرەلمەيدۇ. مۇبادا قىسمەن تەسىر بەردى-دەپ قارالغاندىمۇ ئۇ ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئوتۇپ كەتكەن بىر پەسىللىك ئوتكۈنچى بۇلۇتتەك غىل-پال تەسىر قالدۇرۇپ شائىرنى ئالداپ قويىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى شۇكى شائىر ھېسسىياتى ئۆتكۈنچى تەسىرلىنىشلەر بىلەن تۇمانلىق تاڭ سەھەرگە مەپتۇن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ - دە، ئۆز كىتاپخانلىرىغا ئوچۇق تاڭ سەھەر قۇياشىنىڭ سۈزۈك، تازا نۇرلىرىنى تەقدىم ئېتەلمەيدۇ. ھەممە كىشى ناھايىتى مەنىلىك، ئوبدان ياشىغۇسى كەلگىنىدەك، ھەممە شائىرنىڭ مەنىلىك، ئوبدان شېئىرلارنى يازغۇسى كېلىدۇ. ھالبۇكى تولا چاغلاردا ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭ ماس كەلمەي قېلىپ شېئىر، ئۇنى يازغان شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك بولماي قالىدۇ. بۇنى تۈزەشنىڭ مۇھىم بىر چارىسىنى ئەۋۋەل شائىرنىڭ ھاياتنى قىزغىن سۆيۈشى، ھاياتتىن چوڭقۇر تەسىرلىنىشى، ئۆز تەسىرلىنىشىدىن ئىمكانىيەت بولسىلا (ھېسسى مەنتىقە بويىچە ئېيتقاندا بۇ ئىمكانىيەت شائىر تۇيغۇلىرى يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەتتۇر)

قاتتىق ھاياجانلىنىشى لازىم. بۇنداق ھاياجان يولدا كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ناخشا تولغۇتۇشىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بۇ ناخشىنى بىراۋلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئەتەي ئوقۇمىسىمۇ، ئۇ ناھايىتى ھاياجان بىلەن بېرىلىپ ئېيتقىنى ئۈچۈن ئۇنى ھامان باشقىلارمۇ زوقلىنىپ تىڭشايدۇ. ھالبۇكى ناخشا ئېيتقۇچى ئۆز ناخشىسىنى باشلاشتىن ئىلگىرى بۇلار ھەققىدە ئويلانغان دەۋېلىش ھېسسىي مەنتىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ ھاياجانلىنىشقىمۇ ئالدىن تەييارلىق قىلىنىۋېلىنىدى، دېگەن بىلەن باراۋەر بولۇپ رېئال ھاياتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش قۇربىگە ئىگە بولغان دېتاللىرىنى قەستەن ئۇيراتقانغا ئوخشاش ئېتىقسىزلىق بولىدۇ.

بۇلارنى شېئىرى ھېسسىياتقا يوتكەپ ئىشلەتكەندە بۇشۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، شېئىرنى پەقەت ھېسسىيات تولغۇق تولغان چاغدا يېزىشقا بولىدۇ. ھېسسىياتمۇ تولۇق ھاياجان تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدۇ، ھاياجان بولسا تەسىرلىنىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ شېئىرى ھېسسىيات ئەنە شۇ تەسىرلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش بىلەن ئوخشاش بىر ئۇقۇمدۇر. ھايات ھادىسىلىرى ئىچىدىكى دەرت ئەلەملىك كورۇنۇشلەر ياكى شات خۇراملىق كورۇنۇشلەر شائىرنىڭ قەلبىنى كويدۇرۇپ ئوتكەن چاغدا ئاندىن چىن، ھەقىقى تەسىرلىنىش بارلىققا كېلىدۇ.

شېئىر بېيىتىمىزدە ھەممىلا ساھىگە قارىتىپ شېئىر يېزىۋېرىش ياخشى خىسلەت ھېسابلانسىمۇ شېئىرنىڭ ئۆزى ۋە شېئىر پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائى ئۈنۈمنىڭ ياخشى ھېسابلىنىشى ناتايىن، چۈنكى شائىر ھەر قانداق بىر ئىشقا ھەر قانداق چاغدا تەسىرلىنىۋەمەيدۇ. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن كىلاسسىك شېئىرلاردىن تارتىپ ھازىرىيېزىلىۋاتقان شېئىرلارنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىش تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەسىرلىك شېئىرلار مەلۇم شەيئىدىن بىردىنلا تەسىرلىنىشنىڭ ياكى ئەشۇ مەلۇم شەيئىگە بىر قانچە قېتىم ئوخشاش تەسىرلىنىشنىڭ نەتىجىسىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى بىرخىل تەسىرلىنىش ئىچىدە قامىلىپ تۇرمىغانلىقتىن بىرخىل تەسىراتنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزاق داۋام قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، دېمەك، شائىر تەسىرلىنىشنى ساقلاپ قالمىسا بولمايدىغان شارائىتنى (پەيتىنى) ھېس قىلالىغاندىلا، ئاندىن شېئىر يېزىشقا كىرىشىشى مۇمكىن.

شېئىر ھېسسىيات-شائىر تەپەككۇرىغا قاتتىق تەسىر پەيدا قىلىدىغان يېڭى شەيئىلەر تۈپەيلىدىن تۇغۇلىدۇ. يەنى يېرىم ۋە قىسمەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان شەيئىلەر شائىر ھېسسىياتىنى چۇچۇتۇپ ئويغاتقان چېغىدا شائىر ئەنە شۇ يېرىملىقنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدا پۈتۈنلىككە ئىگە قىلىشى لازىم. بۇ پۈتۈنلۈك شېئىرى سېزىم بولۇپ ئەنە شۇ چاغدا شائىر ئېنىق بىلگەن ياكى ئېنىق بىلمىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئېنىقلىنىشى مۇقەررەر بولغان گۈزەل ھېسسىيات شېئىر ئىچىگە سىڭىپ كىرىدۇ. تاشقى مۇھىتنىڭ شائىر قەلبىدە ئويغاتقان تەسىرى شېئىرى ھېسسىيات بولىدۇ. بۇخىل ھېسسىيات ناھايىتى يېڭى، تازا بولۇپ شېئىرى ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ تولىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

ھەر كۈنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرغان، كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغان تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن شېئىرى ھېسسىيات تۇغۇلامدۇ؟ بۇلاردىن ياخشى، تەسىرلىك شېئىرلار يازغىلى بولامدۇ؟ تەبىئىكى، بۇ شائىرنىڭ كۆزۈتۈشى، كۆزۈتۈشتىن كېيىنكى تەپەككۇرى ۋە تەپەككۇرنىڭ داۋامى بولغان تەسەۋۋۇرىغا باغلىق نەرسە. ئوخشاشلا بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئۇزۇن داۋام قىلغان تەسىراتمۇ

بەلگۈلىك ھېسسىيات قالدۇرىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات چۈچۈشتىن كېلىدىغان ھېسسىياتقا نىسبەتەن ئېچ ھالەتتە بولسىمۇ شائىر ئۆز تەسىراتلىرىنى يىغىنچاقلاپ شېئىر قۇرلىرى ئۈستىدە ئىشلەپ تەسىرلىنىشىنى بىر يەرگە يىغىنچاقلاشقا باشلىغان چېغىدا ھامان يېڭى تەسىرلىنىشكە موھتاج بولماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھالدا پەيدا بولغان يېڭى تەسىرلىنىش بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دوۋىلىنىپ كەلگەن ئەندىلىكتە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئادەتتىكى تەسىراتلارنى باشقىچە يېڭى تەسىراتقا ئايلاندۇرىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى قىسمى بولغان قوشاقلاردىمۇ ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى ھېسسىيات گەرچە بىر شائىرغىلا تەئەللۇق بولمىسىمۇ، ھەتتا ئۇلار توساتتىن پەيدا بولغان يېڭى تەسىراتلارنىڭ نامايەندىسى بولمىسىمۇ ئۇ ھامان ھېس تۇيغۇغا ئىگە كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغىنى ۋە پەيدىن-پەي راۋاجلانغانلىغى ئۈچۈن ئۇ كوپلۇك ھېسسىياتنىڭ جەۋھىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانا شۇ سەۋەپ خەلق قوشاقلىرىنى يىللاردىن- يىللارغا ھەتتا ئەسىرلەرگە قەدەر ساقلاپ تۇرالايدۇ . كىشىگە زوق بېغىشلايدىغان بىرى شۇكى قانچە ئۇزۇن يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشىغا قارىماي بۇ قوشاقلار ھامان يېڭى، جانلىق ۋە تەسىرلىك بىلىنىدۇ. خەلق قوشاقلىرىدىكى بۇنداق زور ھاياتى كۈچ كونكرىت شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ. بۇنداق زور شەرەپكە ئېرىشەلىگەن شائىرلارنى ساناق بىلەنلا كورسىتىپ بەرگىلى بولىدۇكى ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ئومۇمى ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئومۇمى ھېسسىياتقا تەسىر كورسىتىپ بىرلىشىپ كەتكەنلىگىدىنلا قىممەتلىك بولىدۇ.

بىزدە قىسقا يېزىلغان شېئىرلارنى، مۇھەببەت يېزىلغان شېئىرلارنى، ئابستىراكتىنراق يېزىلغان شېئىرلارنى لىرىك شېئىر دەپ ئاتايدىغان، پەقەت شۇلارنىلا ھېسسىياتلىق دەپ ئايرىيدىغان ئۇقۇملار بار. ۋاھالەنكى داستانلاردىمۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بولماي مۇمكىن ئەمەس. لىرىكا دېگىنىمىز ھېسسىياتنى ئىپادىلەش: ھېسسىيات ئاساسى گەۋدە بولۇش كېرەك دېمەكتۇر. داستانلاردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شائىرنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلىرى بولىۋەمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق ئىشلار شائىر توساتتىن ئۇچراتقان يېڭى ئىشلار بولماسلىغىمۇ مۇمكىن. لېكىن شائىر ئوتۈپكەتكەن مۇنداق ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغاندا خۇددى ئەندىلاتتىن شۇ ئىشلارنى كورۇۋاتقاندىكى ھېسسىيات بىلەن يېڭى تەپەككۇر بىلەن يېزىشى لازىم. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنا چىقىرىشقا بولىدۇكى شائىردا ھېسسىيات پەيدا قىلىدىغان ئېلېمېنتلار نۇقۇل كوز بىلەن كورگەن، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلەرلا ئەمەس، بەلكى بەزىدە بۇرۇن باشتىن كەچۈرگەن ياكى كەلگۈسى ئارزۇلارمۇ ھېسسىياتنى قوزغۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

شېئىردىن باشقا ژانىرلاردا ھېسسىياتنىڭ جۇغلىنىشى تەلەپ قىلىنامدۇ؟

ھېسسىياتنى ئىپادىلەش بارلىق بەدىئى ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىكنى ۋە پېرسوناژلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا قوللۇنۇلىدىغان ئورتاقلىققا ئىگە. ۋەقەلىكتىكى پېرسوناژلار ھالىتىنى ئاپتور ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ياكى كەچۈرمىگەن بولۇشىدىن قەتئى نەزەر خۇددى ئۆزى كورگەن، ئۆزى كەچۈرگەندەك ئوخشاش يېزىشى لازىم، ئۇ ئەۋۋەل ئۆزى ھاياجانلىنىشى، ئۆزى تەسىرلىنىشى لازىم، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھاياجانلانمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ.

لېكىن شېئىرىيەتتە ھېسسىياتنىڭ تېخىمۇ مەركەزلىشىشى ، ناھايىتى چوڭقۇر بولۇشى،

ئۇتكۇر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شېئىر ئىجادىيىتىدە ھېسسىياتقا ئالاھىدە زور ئېتىبار بېرىلىدۇ ھەم ھېسسىياتتىن ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ. باشقا بەدىئى ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك ھېسسىياتقا مۇھتاج بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ ھەمدە پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ مەنتىقى باغلىنىشىنى كۈچەيتىشتە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ھەمكارلىشىپ قايىل قىلدۇرۇش كۈچىنى كۆپەيتىشتە قوللىنىلىدۇ. شېئىرىيەتتە لېكىن ھېسسىياتنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭراق بولۇپ ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىدا مەلۇم شەيئىگە زوقلىنىش ياكى نەپرەت بىلدۈرۈش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئەگەر شائىرنىڭ ھېسسىياتى ساغلام ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمى ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشالايدىغان دەرىجىدە بولسا ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، ئۆز ھاياتىغا دادىل، توغرا قارايدىغان، ئۇلارنىڭ روھىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەممە كىشىدە ھېسسىياتنىڭ قوزغۇلۇشى ۋە بۇ ھېسسىياتنى قانداق ئىپادىلىيەلىگەنلىكىدە پەرق بولسىمۇ ئومۇمەن ھېسسىيات بولمىسا شېئىر يازالمايدۇ. شائىر ئۆزى ئۇچراتقان بىر مۇنچە ھادىسە ۋە كىشىلەرگە زوقلىنىدۇ. يەنە بىر مۇنچە ھادىسە ۋە كىشىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ ياكى ئۆچ بولىدۇ. ئۇ ئۆزى زوقلانغانلىرىغا مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن، ئۆزى ئۆچ كۆرگەنلىرىگە ئەيىبلەش تۇيغۇسى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شائىرغا نىسبەتەن بىرلا نەرسىگە مۇھەببەت قويۇپ، بىرلا نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ ئەبەدى ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ يېڭىدىن-يېڭى ھادىسىلەر ۋە كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە يېڭىدىن - يېڭى زوقلىنىش ھەم مۇھەببەت قويۇشلار ئىچىدە ئۆز ھېسسىياتىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ھېسسىياتنىڭ يېڭىلىنىشى ئەسلىدە شائىر مۇھەببىتىنىڭ يېڭىلىنىشى بولۇپ بۇنداق يېڭىلىنىش ئەسلىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئۆچكەنلىكى ياكى قىسمەن ئۆچكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. ھەر قانداق كىشىدە ھېسسىياتنىڭ يېڭىلىنىشى بولۇپ تۇرغانلىقتىن شائىر ھېسسىياتىدىكى يېڭىلىنىش تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. شېئىر ئەنە شۇنداق يېڭىلىنىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە شائىر قەلبىنى ئۇنىڭ كىتابخانلىرىغا ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ھېسسىياتنىڭ يېڭىلىنىشى - بۇ بىر زىددىيەت. بۇنداق زىددىيەتتىن خالى بولغان بىرمۇ شائىر تېپىلمايدۇ. شېئىرىيەتنىڭ رولى نوقۇل ھالدا شائىر ھېسسىياتىدىكى يېڭىلىنىشنى پاش قىلىپلا تۇرۇش ئەمەس، شۇنداقلا ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىش قانۇنىيىتىنى شەرھىلەپ كۆرسىتىپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى كىشىلەردىكى ھېسسىياتنىڭ يېڭىلىنىشىنى خۇلاسىلاپ ئۇلاردىكى يېڭىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. مۇبادا شېئىرلاردا بۇنداق قىلىنمايدىكەن، شېئىرلار ۋەز - سۆزلەرگە، داستان يېزىلغان بولسا ئۇ قاپىيىلىك ھېكايىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يىرىك شېئىرى ئەسەرلەردە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە سەل قاراش ۋە ئۇنى لىرىكىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش ماھىيەتتە شۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش ھەمدە كىتابخانلارنىڭ بەدىئى زوقلىنىشىنى سۇسلىتىپ، ھېسسىياتنى قاتماللاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ. يىرىك شېئىرى ئەسەرلەرنىڭمۇ ئەڭ زور تەركىۋى قىسمى - ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ئىپزوتلاردىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بۇنداق ھېسسىيات شائىرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى مەيلى قايسى شەكىلدە بولمىسۇن تار بايان قىلىۋېلىش بولماستىن ۋەقەلىكلەر يېزىلغان قىسمىدىمۇ شېئىرغا ئورتاق بولغان ئەنە شۇ شەرتلەر ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە قوللىنىلىشى شەرت.

يېقىندىن بۇيان كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان نەسىھەت ۋە پەلسەپە تېمىدىكى بەزى

شېئىرلاردا تۇرمۇشنىڭ ھەممىگە ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان قانۇنىيەتلىرى قاپىيە ۋە ۋەزىن يار-
دىمى بىلەن شېئىرى چۈشەندۈرۈش شەكلىنى ئېلىشۋاتقانلىقى چەكلىنىشكە ياكى ئەيىپلىنىشكە
تېگىشلىك بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ كەملىكى ھەتتا يوقلىقى سەۋەپلىك قانچە كۈچ
سەرپ قىلىنغىنىغا قارىماي كىتاپخانلار قەلبىگە سىڭمەيۋاتقانلىقى دىققەتتىن چەتتە قالماسلىقى لازىم.
دۇرۇست، بۇنداق شېئىرلارنىڭ جۈملىلىرى شېئىر شەكلىدە بولسىمۇ ئۇ بەربىر ھايات ئىچىدىكى
ئىش قانۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش رولىنى ئوينايدۇ. نەتىجىدە مۇپەسسەل ھېسسى
ئىزاھ بېرىش ئورنىغا شەكلەن كورسۇتۇش ئاۋۇپ كېتىدۇ. بۇ خىلدىكى پەلسەپى نەسھەتلەر
شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ يېگىلىنىشىغا سۇنئى تەسىر كورسەتمەكچى بولۇپ ئۇرۇنسىمۇ ئىنسان
روھىدىكى تەبىئى ئىنتىلىشكە ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيدۇ. شېئىرنىڭ ئۆزىدە تولۇق بولمى-
غان قويۇق مۇھەببەت كىتاپخانلار ئېگىدا ئەڭ سۇس دەرىجىدىكى مۇھەببەتنىمۇ ئويغۇتالمايدۇ.
ئەسلىدە پەلسەپۋى تېمىلارنى شېئىر بىلەن چۈشەندۈرۈش ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان
ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتى بولسىمۇ شائىر ئۆزى يازغان تېمىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇراجىئەت
قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار قانچە كوپ يېزىلغان بولسىمۇ دەرھال ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقى،
كىتاپخانلار ھېسسىياتىنى نوقۇپ مۇقويالمىغانلىقى يەنىلا شائىر ھېسسىياتىدىكى مەسىلە. بۇنداق
دېيىش پەلسەپى تېمىلاردا شېئىر يازماسلىق كېرەك دىگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەگەر يۇقۇرقى قۇرلار شېئىردىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكنى شەرھىلەپ بېرەلىدى، دىگى-
نىمىزدە، شېئىردىكى مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولىدۇ. ھېسسىياتنىڭ يېگىلىنىشىنى مۇھەببەتنىڭ ئالمىشىشى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. شا-
ئىرنىڭ يېڭى شېئىرى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ مېۋىسى بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا يېڭى مۇھەببەت
بولسا ئوقۇغۇچىلاردىمۇ يېڭى مۇھەببەت ۋە يېڭى ئىنتىلىش ئويغۇتالايدۇ. شائىرنىڭ خوشياق-
ماي شېئىر يېزىشىغا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنى ھېچكىم خوشيېقىپ ئوقۇمايدۇ، شۇنداقلا شائىر يۈزەكى
مۇھەببەت بىلەن، تېيىز ھېسسىيات بىلەن يېزىشقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى بۇنچىلىك مۇھەببەت
ۋە ھېسسىيات ئادەتتىكى شېئىر يازمايدىغان كىشىلەردىمۇ بار بولغانلىقتىن ھېچكىمنى تەسىر-
لەندۈرمەيدىغان مەسىلىلەر بىلەن شائىر ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ. كىتاپخان-
لارنىڭ شېئىردىن ئالىدىغىنى ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان ياكى مەلۇم بولسىمۇ ئۆزى خۇلاسىلاپ
ئۈلگۈرمىگەن ياكى خۇلاسىلاشقا ھېسسى قۇربىتى يەتمەيدىغان يېڭى، ساپ مۇھەببەت تۇيغۇسى
بولغانلىقتىن ساپاسىز، مۇھەببەتسىز شېئىرلار كوپۈيۈۋەرگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىرىيەتكە
بولغان مۇھەببىتىمۇ سۇسىيىپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆز- ئارا كوڭۈلسىزلى-
كىنىڭ داۋاملىشىشى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۈزۈپ قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش.

مۇھەببەت - ھېسسى تۇيغۇ بولغانلىقتىن، ئۇ بارلىققا كېلىدۇ، ئوسىدۇ، يېتىلىدۇ ۋە سۇسىيىپ
يوقايدۇ. بۇنداق يوقاش يېڭى مۇھەببەتنىڭ ئورۇن ئېلىشى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. شائىرنىڭ
مۇھەببىتىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ مەنىۋى مېھنىتى پەقەت ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزگۈرۈش

جەريانىنى خۇلاسىلاش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنى، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ يېڭىلىنىشىنى خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق خەلقنى يېڭىلىققا ئىنتىلدۇرۇش، قىزىقتۇرۇش، قىزىقاندىمۇ بېرىلىپ، قويۇق قىزىقىدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. يېڭى شەيئىگە قانچە كۆپ يېقىنلىشىپ، ئۇلارنى قانچە پىششىق چۈشەنگەندە يېڭى ئىنتىلىش ۋە يېڭى مۇھەببەت شۇنچە تەبىئىي پەيدا بولىدۇ. ئەكس ھالدا كونىلىققا، كونا شەيئىگە قانچە تارتىشقانسېرى كونا مۇھەببەت ئەسىرلىگىدىن قۇتۇلۇش كېچىكىدۇ. تەبىئىكى بۇنداق ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان شېئىرلار قۇرۇق، تەمسىز ۋە بىر خىل بولۇپ چىقىدۇ. شائىرنىڭ ئەمەلىي قىممىتىمۇ سۇسىيىپ خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەسلىكى ئاجىزلىشىدۇ ھەتتا يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شائىرنىڭ ئاساسى جېنى ئۇنىڭ توغرا، ساپ ئىدىيىگە ئىگە بولغانلىقىدا دېگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۆزۈگى مول مۇھەببەت ۋە گۈزەل ھېسسىياتىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئۆزۈگىنى خەلق ئاممىسى ئىچىدىن، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان، قىزغىن سۆيىدىغان ئېسىل مۇھەببەت خەزىنىسىدىن تاپىدۇ. بۇنداق مۇھەببەت شائىرنىڭ قەلىمى ئارقىلىق شېئىر مىسرالىرىغا ئۆزلۈشۈپ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىدۇ. بۇنداق مەنىۋى كۈچنىڭ ۋەزنى قانچىلىك كۆپ كىشىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.



## بىردەكلىك ئۇسۇلى ۋە بىرقانچە مىسال

ئىنسانلارنىڭ بارلىق يېڭى بىلىملىرى تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن يەكۈنلەنگەن كونا بىلىملىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بىرەر يېڭى نەتىجىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن تەجرىبىدىن ۋە ياكى لوگىكىلىق نەزەرىيىۋى ئىسپاتلاشتىن ئوتكەن بولىشى كېرەك. ئەمىلىيەتتە تەجرىبىدىن ئوتكۈزۈشكە ئوخشاشلا نەزەرىيىۋى ئىسپاتلاشنىڭ پەندە تۇتقان رولى ئىنتايىن چوڭ. ماتىماتىكادا لوگىكىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن توغرىلىغى مۇقىملاشتۇرۇلـغان نەتىجىنى ئىشەنچىلىك ھىساپلاپ ئاندىن ئۇنى تىيورما قىلىپ قوبۇل قىلىمىز. ئاشۇ لوگىكىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەريانى ئىسپاتلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرىمىزدا تىپىك بولغان، باشقىلار ئۈچۈن تەسىر كورسەتكۈچىلىگى بارلىرىنى تىيورما قىلىپ قوبۇل قىلىپ باشقىلارنى ئاشۇ تىيورما ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجە ياكى مەسىلىلەر دەپ تۈرگە ئاجرىتىمىز. ئىسپاتلاش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئىككىگە بولىنىدۇ.

(1) بىۋاستە ئىسپاتلاش.

(2) ۋاستىلىق ئىسپاتلاش.

ئەمدى ۋاستىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بولسا ئىككىگە بولۇنىدۇ:

(1) قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى.

(2) بىردەكلىك ئىسپاتلاش ئۇسۇلى.

بىز ئالدى بىلەن تىيورمىنىڭ مەنبەسى بولغان ھوكۇم ھەققىدە بەزى تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

### ھوكۇم ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى

مەلۇم بىر خۇلاسىنىڭ قۇرۇلۇشى ياكى قۇرۇلماسلىغى ئۈستىدە قارارلاشتۇرغۇچى خاراكتىرىنى ئالغان جۈملىنى ھوكۇم (ياكى ھوكۇم جۈملە) دەپ ئاتايمىز. بۇ پەقەت ئاشۇ جۈملىنىڭ شەكلەن مەزمۇنىغا ئاساسەن ئېيتىلغان. ئەمدى ھوكۇمگە كەلسەك ئۇنىڭ توغرىسىمۇ بولىدۇ، خاتاسىمۇ بولىدۇ. بۇ ساھەدە ھوكۇم جۈملە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھوكۇم جۈملىنىڭ تەركىۋى قىسمى ئىككىگە بولۇنىدۇ.

(1) شۇ ھوكۇم چىقىرىلغان ئىش ـ بۇ تىما شەرتى دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) ئاشۇ ئىش ئۈستىدە چىقىرىلغان خۇلاسە ـ تىما نەتىجىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ھوكۇمنى تىما شەرتى ۋە تىما نەتىجىسى قىلىپ ئىككىگە ئاجرىتىش مۇمكىن. بىز ئومۇمەن ئالغاندا شەرت قىسمىنى $A$ ھەرپى نەتىجە قىسمىنى $B$ ھەرپى ئارقىلىق ئىپادە قىلساق، ھوكۇم جۈملىنىڭ شەكىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك توت خىلغا بولۇش مۇمكىن.

1. ئەسلى ھوكۇم: «$A$ بولسا، ئۇ ھالدا $B$ بولىدۇ»
2. تەتۈر ھوكۇم: «$B$ بولسا، ئۇ ھالدا $A$ بولىدۇ»
3. سىممېترىك ھوكۇم: «$A$ بولمىسا، ئۇ ھالدا $B$ بولمايدۇ»
4. قارىمۇ- قارشى ھوكۇم: «$B$ بولمىسا، ئۇ ھالدا $A$ بولمايدۇ»

ھوكۈمنىڭ بۇ 4 خىل شەكلىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى گىراپىكتىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.




ناھايىتى روشەنكى:

1. ئەسلى ھوكۈم بىلەن ئەتۇر ھوكۈم، سىممېتىرىك ھوكۈم بىلەن قارىمۇ-قارشى ھوكۈملەر ئۆز ئارا ئەتۇر بولىدۇ.

2. ئەسلى ھوكۈم بىلەن سىممېتىرىك ھوكۈم، ئەتۇر ھوكۈم بىلەن قارىمۇ - قارشى ھوكۈم ئۆز ئارا سىممېتىرىك بولىدۇ.

3. ئەسلى ھوكۈم بىلەن قارىمۇ - قارشى ھوكۈم، ئەتۇر ھوكۈم بىلەن سىممېتىرىك ھوكۈم ئۆز ئاراقارىمۇ - قارشى بولىدۇ.

ھوكۈمنىڭ 4 خىل شەكلىنىڭ يۇقۇرىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىچ لوگىكىلىق باغلىنىشنىڭ بارلىغىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ 4 خىل شەكىلنىڭ قايسى بىرسىنى ئەسلى ھوكۈم دەپ قوبۇل قىلساق، قالغانلىرى يۇقۇرىدىكى مۇناسىۋەت بويىچە ئورۇن ئالىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ 4 خىل شەكىلنىڭ توغرا — خاتالىق مۇناسىۋىتىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

مىساللار:

1. ئەسلى ھوكۈم: ئۈچبۇلۇڭدا، ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تەڭ بولسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى بۇلۇڭلار تەڭ. توغرا.

ئەتۇر ھوكۈم: ئۈچبۇلۇڭدا، ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ ئۆز ئارا تەڭ بولسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قارشىدىكى تەرەپلەر تەڭ. توغرا.

سىممېتىرىك ھوكۈم: ئۈچبۇلۇڭدا، ئەگەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تەڭ بولمىسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى بۇلۇڭلار تەڭ ئەمەس. توغرا.

قارىمۇ-قارشى ھوكۈم: ئۈچبۇلۇڭدا ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ ئۆز ئارا تەڭ بولمىسا ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپلەر تەڭ ئەمەس. توغرا.

2. ئەسلى ھوكۈم: ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ قارىمۇ - قارشى چوققىلىق بۇلۇڭلار بولسا ئۇلار ئۆز ئارا تەڭ. توغرا.

تەتۈر هۆكۈم: ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ تەڭ بولسا، ئۇلار قارىمۇ - قارشى چوققىلۇق بۇلۇڭلار بولىدۇ. خاتا.

سىممېترىك هۆكۈم: ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ قارىمۇ - قارشى چوققىلۇق بۇلۇڭلار بولمىسا ئۇلار ئۆز ئارا تەڭ ئەمەس. خاتا.

قارىمۇ-قارشى هۆكۈم: ئەگەر ئىككى بۇلۇڭ تەڭ بولمىسا ئۇلار قارىمۇ - قارشى چوققىلۇق بۇلۇڭلار بولمايدۇ. توغرا.

3. ئەسلى هۆكۈم: مىتاللار ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىدۇ. توغرا.

تەتۈر هۆكۈم: ئىسسىقلىقتىن كېڭەيگەن نەرسە مىتال بولىدۇ. خاتا.

سىممېترىك هۆكۈم: مىتال بولمىسا ئىسسىقلىقتىن كېڭەيمەيدۇ. خاتا.

قارىمۇ-قارشى هۆكۈم: ئىسسىقلىقتىن كېڭەيمىسە مىتال بولمايدۇ. توغرا.

4. ئەسلى هۆكۈم: بىر 4 تەرەپلىكنىڭ بىر جۈپ قارىمۇ -قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا پاراللېل بولسا، يەنە بىر جۈپ قارىمۇ - قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ. خاتا.

تەتۈر هۆكۈم: بىر 4 تەرەپلىكنىڭ بىر جۈپ قارىمۇ قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولسا يەنە بىر جۈپ قارىمۇ - قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا پاراللېل بولىدۇ. خاتا.

سىممېترىك هۆكۈم: بىر 4 تەرەپلىكنىڭ بىر جۈپ قارىمۇ - قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا پاراللېل بولمىسا يەنە بىر جۈپ قارىمۇ قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولمايدۇ. خاتا.

قارىمۇ-قارشى هۆكۈم: بىر 4 تەرەپلىكنىڭ بىر جۈپ قارىمۇ - قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولمىسا يەنە بىر جۈپ قارىمۇ-قارشى تەرەپلىرى ئۆز ئارا پاراللېل بولمايدۇ. خاتا.

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۆز ئارا سىممېترىك ياكى ئۆز - ئارا تەتۈر بولغان ئىككى هۆكۈم بىردەك توغرا، بىردەك خاتا بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بىرسى توغرا، يەنە بىرسى خاتا بولۇشى مۇمكىن. ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى هۆكۈمگە كەلسەك توغرا بولسا بىردەك توغرا. خاتا بولسا بىردەك خاتا بولىدۇ. مانا بۇ خۇسۇسىيەت قارىمۇ - قارشى هۆكۈملەرنىڭ تەڭكۈچلۈكلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى گەرچە شەكىل جەھەتتىن بۇ ئىككى هۆكۈم ئىككى خىل بولسىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا بىر نەرسىدۇر. مانا بۇ «قارىمۇ - قارشى هۆكۈملەرنىڭ تەڭكۈچلىكى»نىڭ ماتېماتىكىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. بەزى چاغلاردا ئەسلى هۆكۈم جۈملىنى ئىسپاتلاش ناھايىتى قىيىن ياكى مۇمكىن بولماي قالغان چاغلاردا ئۇنىڭغا تەڭكۈچلىك بولغان هۆكۈمنى ئىسپاتلاش ئاسان بولسا ئاسان يول بىلەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى ماتېماتىكىدا «قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى»دەپ ئاتايمىز.

مەسىلەن:

هۆكۈم: تۈز سىزىقنىڭ سىرتىدىكى بىر نۇقتىدىن شۇ تۈز سىزىققا پەقەت بىرلا تىك يۈرگۈزۈش مۇمكىن.

ئىسپاتلاش: تۈز سىزىقتا بىردىن كوپ مەسلەن ئىككى تىك يۈرگۈزۈش دەپ پەرەز قىلايلى، ئۇ ھالدا ھاسىل بولغان ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئىچكى بۇلۇڭىنىڭ يىغىندىسى 180° دىن چوڭ بولۇپ قالىدۇ. پەرىزىمىز خاتا. شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىرلا تىك يۈرگۈزگىلى بولىدۇ. ئىسپاتلاندى.

يۇقىرىدىكى ئىسپاتلاش جەريانىنى ئانالىز قىلىپ كورۇدىغان بولساق، ناھايىتى رۇشەنكى ئەسلىدىكى ھوكۇمنىڭ قارىمۇ - قارشى ھوكۇم جۇملىسى ئىسپاتلاندى. يەنى:

«ئەگەر بىر تۈز سىزىققا بىردىن ئارتۇق تىك سىزىق يۈرگۈزۈلسە ئۇلار بىر نۇقتىدىن ئوتمەيدۇ.» دىگەن خۇلاسە چىقىرىلدى.

يۇقۇرقىدەك قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاشقا دائىر مىساللار ناھايىتى كوپ. بىز كوپ توختالمايمىز.

ئەمدى بىز ئوز ئارا تەتۈر بولغان ئىككى ھوكۇم قانداق ۋاقىتدا بىردەك توغرا ياكى بىردەك خاتا بولىدۇ. ئەسلى ھوكۇم جۇملىسىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا تەڭ × كۈچلۈك ھالدا ئۇنىڭ تەتۈر ھوكۇم جۇملىسىنى ئىسپاتلاشقا بولامدۇ-يوق؟ دىگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

## × بىردەكلىك ئۇسۇلى

بىزگە مەلۇم بىرەر تىيورمانىڭ تەتۈرسىنىڭ تىيورما بولۇپ قۇرۇلۇشى ناتايىن، تەتۈر ھوكۇمنىڭ چوقۇم تىيورما بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئىسپاتتىن ئوتكۈزۈش كېرەك. ئاندىن ئۇنى تىيورما قىلىپ قوبۇل قىلىشقا ۋە باشقا تىيىملارنى ئىسپات قىلىشتا نەزىرىيىۋى ئاساس قىلىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا بىرەر ئەسلى ھوكۇمنىڭ تەتۈر ھوكۇمنىڭ رۇشەن ھالدىكى توغرىلىقى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ قانداق ئەھۋال. بىز تۆۋەندە بەزى مىساللارنى ئېلىپ كورەيلى.

1 . ئەسلى ھوكۇم: «جۇڭگو دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كوپ مەملىكەت».

تەتۈر ھوكۇم : «دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كوپ دولەت بولسا جۇڭگو».

ناھايىتى رۇشەنكى ئەسلى ھوكۇم توغرا، تەتۈر ھوكۇم ھەم توغرا نىمىشكە ؟ سەۋەبى دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كوپ مەملىكەتتىن پەقەتلا بىرسى بار. يەنە بىرسىنىڭ بولۇشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇ مەملىكەت بولسا جۇڭگو .

2 . ئەسلى ھوكۇم : تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ چوققا بۇلۇڭىنىڭ تەڭ بولگۈچى سىزىقى ئۇنىڭ ئاساسىنىڭ تىك تەڭ بولگۈچى سىزىقى بولىدۇ .

تەتۈر ھوكۇم: تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئاساسىنىڭ تىك تەڭ بولگۈچى سىزىقى ئۇنىڭ چوققا بۇلىڭى تەڭ بولىدۇ .

يۇقۇرىدىكى ھەر ئىككى ھوكۇم توغرا ، چۈنكى تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوققا بۇلۇڭىنىڭ تەڭ بولگۈچىسى ۋە ئاساسىنىڭ تىك تەڭ بولگۈچىسى بىردىن - بىر سىزىقتۇر. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىككى تۈز سىزىق باشقا - باشقا بولۇپ كىتەلمەيدۇ.

يۇقۇرقىدەك مىساللارنى كورۇپ ئېلىش مومكىن: ئاشۇنداق ئوز ئارا تەتۈر بولغان ئىككى ھوكۇم جۇملىنىڭ بىرسى قۇرۇلغاندا يەنە بىرسىمۇ چوقۇم قۇرۇلسا، بۇنى بىردىن- بىرلىك پىرىنسىپى دەپ ئاتايمىز. مەسىلىلەرنى ئىسپاتلىغاندا، ئوز ئارا تەتۈر بولغان ئىككى ھوكۇم-

دە بار بولغان بىردەكلىك پىرىنسىپىنى ئىگەللەپ، شۇ بويىچە ئەسلى ھوكۇمنى ئىسپاتلاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا تەڭ كۈچلۈك بولغان تەتۈر ھوكۇمنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىدىغان ئۇسۇلنى بىردەكلىك ئۇسۇل دەپ ئاتايمىز.

گېئومېترىيلىك مەسىلىلەرنى ئىسپاتقىلىغاندا ئەگەر ئۇنىڭغا بىردەكلىك ئۇسۇلنى قوللۇشنى ئويلىسىدىكەنمىز شۇ شەكىلدە بار بولغان بىردىن ـ بىر لىك خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن نەتىجىگە ماس كەلگەن شەكىلنى سىزىپ ئېلىشىمىز كېرەك. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى سىزىپ چىقىلغان شەكىل بىردىن ـ بىرلىككە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك. بولمىغاندا ئاسانلا خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. خاتالىق يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن بىرلىگەن تېمىنىڭ «تېما شەرتى» ۋە «تېما نەتىجىلىرى» نىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنى ئېنىق ئاجرىتىپ رۇشەنلەشتۈرۈش كېرەك.

بىز تۆۋەندە بىردەكلىك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بىر قانچە ھوكۇملەرنى ئىسپاتلاپ چىقايلى.

1. مىسال  مەلۇم بىر كۋادراتنىڭ بىر تەرىپىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ ئىچى تەرىپىگە تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ ياسالغان. بۇ ئۈچبۇلۇڭنىڭ بىر ئاساسى بۇلۇڭى $15^{\circ}$ بولسا چوققا نۇقتىسىنى كۋادراتنىڭ قالغان ئۇچلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان ئۈچبۇلۇڭنىڭ مۇنتىزىم بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ.

تېما شەرتى: رەسىمدە: $E$ نۇقتا كۋادرات $ABCD$ نىڭ ئىچىدىكى بىر نۇقتا.

$$\angle ECD = \angle EDC = 15^{0}$$

تېما نەتىجىسى: $\triangle ABE$ مۇنتىزىم بولىدۇ.



(1 ـ مىسال ئۈچۈن)

ئىسپاتلاش: كۋادرات $ABCD$ نىڭ ئىچى تەرىپىگە مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ. $\triangle ABE^{1}$ نى ياسايمىز. $E^{1}C$ . $E^{1}D$ لارنى تۇتاشتۇرىمىز.

ناھايىتى رۇشەنكى $\triangle E^{1}BC$ تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ چوققا بۇلۇڭى $\angle CBE^{1} = 90^{\circ} - 60^{\circ} = 30^{\circ}$ بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىر ئاساس بۇلۇڭى

$$\angle BCE^{1} = 90^{\circ} - \frac{1}{2}\angle CBE = 75^{\circ}$$

شۇڭا $\angle E^{1}CD = 90^{\circ} - 75^{\circ} = 15^{\circ}$

ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن $\angle E^{1}DC = 15$

يۇقىرىدىن شۇنداق نەتىجە چىقىدۇكى، ئەمەلىيەتتە $E$ نوقتا بىلەن $E^{1}$ بىر نۇقتا بىردىن بىر نوقتىدۇر. شۇنداق بولسا $\triangle EAB$ نىڭ مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ بولىشىدا ھېچقانداق گۇمان يوق.

مىسال: 2 . تىراپېتسىيەنىڭ بىريان تەرىپى ئۇنىڭ ئىككى ئاساسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولسا شۇيان تەرەپكە يېپىشقان بۇلۇڭنىڭ تەڭ بولگۈچى سىزىقلىرى يەنە بىريان تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا نوقتىسىدا ئۇچرىشىدۇ.

تېما شەرتى: تىراپېتسىيە $ABCD$ دا.

$AB \parallel CD$

$BC = AB + CD$




(2ـ مىسال ئۈچۈن)

تېما نەتىجىسى: $\angle B$ ۋە $\angle C$ لارنىڭ تەڭ بولگۈچى سىزىقلىرى $AD$ نىڭ ئوتتۇرا نوقتىسىدا ئۆز ئارا كېسىشىدۇ.

ئىسپات: $E$ نوقتا $AD$ تەرەپنىڭ ئوتتۇرا نوقتىسى بولسۇن.

$EC$ . $EB$ لارنى تۇتاشتۇرىمىز.

ھەمدە $EF \parallel AB$ نى يۈرگۈزىمىز.

$EF = \frac{1}{2}(AB + CD)$ بولىدۇ . ھەمدە.

$EF = CF = BF = \frac{1}{2}(AB + CD)$

تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ.

$\triangle EFB$ ۋە $\triangle EFC$ لاردا.

$\angle 1 = \angle 2$

$\angle 3 = \angle 4$

چۈنكى $EF \parallel AB \parallel CD$

شۇڭا $\angle 2 = \angle 6$ ۋە $\angle 5 = \angle 3$ كېلىپ چىقىدۇ .

چۈنكى $\angle 1 = \angle 2$ ، $\angle 2 = \angle 6$

ھەم $\angle 3 = \angle 5$، $\angle 3 = \angle 4$

شۇڭا $\angle 4 = \angle 5$ ، $\angle 1 = \angle 6$ بولىدۇ.

دېمەك $\angle B$ ۋە $\angle C$ لارنىڭ تەڭبولگۈچى سىزىقلىرى بىردىن ـ بىر بولغاچقا ئۇلار $AD$ تەرەپنىڭ ئوتتۇرا نوقتىسى $E$ داكېسىشىدۇ.

3. مىسال: بىر كۋادراتنىڭ بىر تەرىپىنى ئاساس قىلىپ ئۇنىڭ ئىچكى تەرىپىگە قاـ رىتىپ بىر تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ ياسالغان. ئەگەر بۇ تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ بىر ئاساس بولىنگى $75^\circ$ بولسا ئۈچبۇلۇڭنىڭ چوققىسىنى كۋادراتنىڭ قالغان ئىككى چوققىسى بىلەن تۇتاشتۇرساق بىر تەڭ تەرەپلىك ئۈچبۇلۇڭ ھاسىل بولىدۇ.

تېما شەرتى: رەسىمدە: $ABCD$ بىر كۋادرات.

$\triangle ABE$ دا .

$EA = BE$

$\angle EBA = \angle EAB = 75^\circ$

تېما نەتىجىسى: $\triangle DCE$ بىر مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ بولىدۇ.



(3ـ مىسال ئۈچۈن)

ئىسپات: مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ $E^1AB$ نى ياسايمىز

ھەم $BE^1$ . $AE^1$ لارنى تۇتاشتۇرىمىز

$\triangle AE^1D$ دا: $AD = DE^1$

$\angle ADE^1 = 90° + 60° = 150°$

شۇڭا . $\angle DAE^1 = \frac{1}{2}(180° - 150°) = 15°$

ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن

$\angle CBE^1 = \frac{1}{2}(180° - 150°) = 15°$

شۇنىڭ ئۈچۈن، $E^1$ نوقتا بىلەن $E$ نۇقتا بىردىن بىر نوقتىدۇ.

ئۇ ھالدا $ECD\triangle$ بىر مۇنتىزىم ئۈچبۇلۇڭ بولىدۇ.

مىسال 4. تىك 4 بۇلۇڭ $ABCD$ دا:
$AB = 2BC$ . $E$ نۇقتا $CD$ ئۈستىدىكى بىر نۇقتا ھەمدە
$\angle CBE = \frac{\pi}{12}$ بولسا $AB = AE$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ.



4 ـ مىسال

بېرىلگىنى: تىك 4 بۇلۇڭ. $ABCD$ دا.

$\angle CBE = \frac{\pi}{12}$ . $AB = 2BC$

$E$ نۇقتا $CD$ تەرەپ ئۈستىدە.

ئىسپات تەلىۋى: $AB = AE$

ئىسپاتلاش: $CD$ تەرەپ ئۈستىدىن $AE^1 = AB$ شەرتى بىلەن $E^1$ نۇقتىنى ئالىمىز

$BE^1$ ، $AE^1$ نى تۇتاشتۇرىمىز.

$\triangle E^1DA$ دا. $AE^1 = 2 \cdot AD$

شۇڭا $\angle AE^1D = 30°$

بۇنىڭدىن $\angle DAE^1 = 60°$

$\angle E^1AB = 30°$

كېلىپ چىقىدۇ.

چۈنكى $\triangle AE^1B$ تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ.

شۇڭا $\angle E^1BA = \frac{1}{2}(180° - 30°) = 75°$

$\angle CBE = 15°$ . بېرىلىشىدە

شۇڭا . $E$ نۇقتا بىلەن $E^1$ نۇقتا ئەمەلىيەتتە بىر نۇقتا.

دېمەك: $AE = AB$

مىسال 5. تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ $\triangle ABC$ نىڭ چوققا بۇلۇڭى $\angle A$ ئاساس بۇلۇڭىنىڭ يېرىمىغا تەڭ. يان تەرەپ $AC$ ئۈستىدىن $AD = BC$ قىلىپ ئاجرىتىپ ئالغان بولسا $\angle ABD = \angle CBD$ ھەم $BD = BC$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ

ئىما شەرتى : $\triangle ABC$ تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ ·

$A$ چوققا نۇقتىسى ، $D$ نۇقتا يان تەرەپ $AC$ ئۈستىدە.




$AD = BC$

ئىمانەتىجىسى: $\angle ABD = \angle CBD$

$BD = BC$

ئىسپاتلاش: $\angle B$ نىڭ تەڭبولگۈچىسىنى يۈرگۈزىمىز.

$AC$ ئۇ تەرەپ بىلەن $D^1$ نۇقتىدا كېسىشسۇن.

چۈنكى $\angle A = \frac{1}{2}\angle B$

شۇڭا. $\angle A = \angle ABD^1$

$\triangle ABD^1$ تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ بولۇدۇ.

يەنى $AD^1 = BD^1$

$\triangle BCD^1$ ھەم تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ

يەنى $BD = BC$

دىمەك $AD^1 = BC^1$

شۇڭا. $D^1$ نۇقتا بىلەن $D$ نۇقتا ئەمەلىيەتتە بىر نۇقتا .

بۇنىڭدىن $AD = BC$ بولغان ئەھۋال ئاستىدا

$\angle ABD = \angle CBD$

$BD = BC$

ئىكەنلىكى ناھايىتى رۇشەن ئىسپاتلىنىدۇ.

مىسال 6.

ئانالىتىك ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ پاراللىل 4 تەرەپلىكنىڭ دىئاگونالىلىرىنىڭ ئۆز - ئارا تەڭ بولۇنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ

بىرلىشى:




$O\ ABC$ پاراللىل 4 تەرەپلىك ۋە دى - ئاگونالىلىرى $G$ نۇقتىدا ئۆز ئارا كېسىشىدۇ.

تەلەپ: دىئاگونالىلار $G$ نوقتىدا تەڭبولىنىدۇ.

ئىسپاتلاش: $OABC$ پاراللىل 4 تەرەپلىكنى كوردىنات سىستېمىسىغا رەسىمدەكور- ستىلگەندەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز.

ئۇ ھالدا، ھەرقايسى چوققا نۇقتىلارنىڭ كوردىناتلىرى

$A(a,0)\ 0(0,0)$ $C(b-a,c)B(b,c)$ بولىدۇ.

$OB$ نىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى $E$

$AC$ نىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى $F$ دەپ پەرەز قىلىپ ئالايلى. $F.E$ نۇقتىلارنىڭ كوردىناتلىرىنى تاپساق

(ئاخىرى 67 - بەتتە)

# تار نىسپىيلىق نەزەرىيىسى ۋە نىسپىيلىق نەزەرىيە مېخانىكىسى

## كىلاسسىك مېخانىكىنىڭ ماكان، زامان چۈشەنچىسى

كىلاسسىك فىزىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپ تەرەققى قىلغىنى مېخانىكا بولۇپ، ئۇ تۆۋەن تېزلىكتىكى ماكراسكوپىك جىسىملارنىڭ مېخانىك ھەركەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن نىسپىي ھەقىقەتلەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە نيۇتون تەرىپىدىن كوپېرنىك پەرەزى ۋە گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئابساليۇت ماكان، ئابساليۇت زامان چۈشەنچىسى پۈتۈن كىلاسسىك مېخانىكىنىڭ ھوكۈمران ئىدىيىسى بولغان. نيۇتون: ئابساليۇت تىنچ بولغان ماكان مەۋجۇت دەپ قاراپ، بۇ ئابساليۇت ماكاننى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەركەت قىلىۋاتقان بارلىق كوردىنات سىستېمىلىرىنى ئىنېرتسىيال كوردىنات سىستېمىسى دەپ ئاتىدى. بۇ خىل سىستېمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جىسىم كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا دەسلەپكى تىنچ ھالىتىنى ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەركەت ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ (ئىنېرتسىيە قانۇنى) غانلىقىنى، ئەگەر جىسىم $F$ كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇ ھالدا $F = ma$ قانۇنىيەت بويىچە $a$ تېزلىنىشكە ئىگە بولىدۇ (نيۇتون 2 ـ قانۇنى) غانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىكى تېزلىنىشنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۆلچىنىشى مۇشۇ ئىنېرتسىيال كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ماكان ۋە زامانمۇ ماددىغا ئوخشاش مۇستەقىل مەۋجۇت ھەمدە مۇتلەق مەنىگە ئىگە دەپ قارالغان. بۇنى بۇ قاراشنىڭ ئاساسى بولغان تۆۋەندىكى گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇشى:

$$\begin{cases} x = x - vt \\ y = y \\ z = z \\ t = t \end{cases}$$

دىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇشى پورمىلاسىدىكى $x = x - vt$ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر ئۇزۇنلۇق ئوخشىمىغان كوردىنات سىستېمىلىرىدا ئۆلچەنگەندە ئۆلچەش قىممىتى $x$ ۋە $x^{1}-vt$ لارنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى، يەنى ماكاننىڭ ئۆلچىنىشى ئۆلچەش يۈرگۈزۈلىۋاتقان كوردىنات سىستېمىسىغا قاراپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، "ماكاننىڭ ئۆلچىمى — مۇتلەقتۇر" دېگەن خۇلاسىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇش فورمىلاسىدا پەقەت بىر ۋاقىت $t$ نىڭ مەۋجۇت بولۇشى — ھەممە كوردىنات سىستېمىلار پەقەت بىرلا سائەت ئىشلەتسە بولىدۇ، دېگەنلىك بولۇپ، "زاماننىڭ ئۆلچىمى ھەم مۇتلەق ئۆزگەرمەستۇر" دېگەن خۇلاسىغا كەلتۈرىدۇ. يۇقۇرقىلاردىن ماكان ۋە زامان بىر ـ بىرسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، مۇستەقىل مەۋجۇت بولالايدۇ، ھەتتا ماددا ھەركىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېگەن يەكۈننى چىقىرالايمىز. كىلاسسىك مېخانىكىنىڭ بۇ خىل ماكان زامان قارىشى پۈتۈن كىلاسسىك فىزىكىغا ھوكۈمران ئىدىيە بولۇپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتلاردا نيۇتون مېخانىكىسىنىڭ ئاساسى قانۇنلىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىردىن ـ بىر تۈپكى قانۇنلىرى دەپ تونۇلۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى ئىسسىقلىق، يورۇغلۇق، ئېلېكتىر ماگنىت ۋە ئاققۇچان جى-

سىم ھەركەتلىرىنى مېخانىكىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە، ھەرخىل ھەركەت شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى مېخانىك ھەركەتكە يىغىنچاقلاشقا تىرىشىلدى. تىرمۇ - دىنامىكىدىكى «تېپلوروت»، (ئىسسىقلىق ماددىسى) چۈشەنچىسى ئېلېكتىر ماگنىتىدىكى «يىراقتىن تەسىر» نەزەرىيىسى، «ئېفىر» تەلىماتى قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك مەھسۇلاتلىرىدۇر.

## كىلاسسىك فىزىكىنىڭ قىيىنچىلىقلىرى

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چوڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان يېڭى فىزىكىلىق ھادىسىلەر كۆزۈتۈپ چىقىلدى.

1. «ئېفىر» تەلىماتى يېشىپ بولماس قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. «ئېفىر» تەلىماتى - «يورۇغلۇقنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن بىرخىل ئېلاستىك مۇھىت بولىشى زورۇر. بۇخىل ئېلاستىك مۇھىت پۈتۈن كائىناتقا تولغان ھەممە بارلىق جىسىملار ئىچكى قىسمىغا سىڭىپ كىرگەن» دېگەن پەرەز ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى ھەممە بۇ خىل «دۇنياۋى ئېفىر» نى ئاپساليۇتنى جىملىقتا دەپ قاراپ، بۇنى ئاپساليۇتنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ تاللىغان ئىدى. يورۇغلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بۇ خىل ئېلاستىك مۇھىتنىڭ ئالاھىدە مېخانىك خۇسۇسىيەتكە (مەسىلەن: سىغىم ئۆزگەرتىش ئېلاستىك مۇدۇلى نۆلگە تەڭ، ئورۇنما دېپورماتسىيە ئېلاستىك مۇدۇلى ئىنتايىن چوڭ) ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەر شارى ۋە پىلانىتلار بۇنداق ئېلاستىك مۇھىتتا ھەركەتلەنگەندە ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى — بۇ ئېفىرنىڭ ناھايىتىمۇ شالاڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. لېكىن زىچلىقى ئىنتايىن شالاڭ، ئېلاستىكلىقى ئىنتايىن چوڭ بولغان بۇ خىل سىرلىق ماددىنى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇ ئېلاستىك مېخانىكىكا قانۇنلىرىغا پۈتۈنلەي زىت ئىدى. ماكسۋېل 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا نۇرنىڭ ئېلېكتىرو ماگنىت دولقۇنلۇق نەزەرىيىسىنى ئىجات قىلىپ، يورۇغلۇق بىلەن ئېلېكتىرو ماگنىت دولقۇنلىرىنىڭ بىردەكلىكى ئىسپاتلانغاندا مېخانىك «ئېلاستىك ئېفىر» تەلىماتى ۋە «نۇرنىڭ مېخانىك دولقۇن نەزەرىيىسى» ئىرغىتىپ تاشلاندى. لېكىن بۇنىڭ ئورنىنى ئېلېكترو ماگنىت خۇسۇسىيەتلىك ئېفىر چۈشەنچىسى ئىگەللىدى. ئوخشاشلا بۇخىل ئېفىر پۈتۈن كائىناتقا تولغان، يورۇغلۇق ۋە ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنلىرى - مۇشۇ ئېفىرنىڭ ھەركىتىدۇر دەپ قارالدى ھەممە بۇنى ئابساليوتنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ تاللىدى. بۇ «دۇنياۋى ئېفىر» پەرىزى ھەققەتكە ئىگە، نۇرنىڭ تارقىلىشى ئېفىرنىڭ ھەركەت ھالىتىدىن ئىبارەت بولسا يەرنى ئايلىنىش يۆنۈلۈشىدە ۋە قارشى يۆنۈلۈشتە نۇرنىڭ تېزلىكى 2خىل بولىشى كېرەك ئىدى. مايكىلسلۇن ۋە باشقا نۇرغۇن ئالىملار كوپلىگەن تەجرىبىلەرنى قىلىپ بۇنى زادى كۆزىتەلمىدى. ئەكسىچە 1886- يىلى مايكىلسلۇن نۇر تېزلىكىنىڭ ھەر قايسى يۆنۈلۈشلەردە بىردەك بولىدىغانلىقىنى كوپ قېتىم تەجرىبىدە ئىسپاتلىدى. فىزىكىدا ئەڭ كەسكىن تالاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ تەجرىبە پاكىتى ... مايكىلسلۇن كۆزۈتۈشى بۇرۇنقى قاراشلارغا زىت ھالدا كامىدا تۆۋەندىكى 2يەكۈننى چىقاردى: (1) يورۇغلۇقنىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىش تېزلىكى ھەر قانداق ئىنېرتسىيال سىستېمىلاردا ئوخشاش $c$ ( يورۇغلۇق تېزلىكى ) بولۇپ، يورۇغلۇقنىڭ مەنبە تېزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بۇ يەكۈن ئېلېكترو ماگنىتنىڭ يەكۈنى ھېسابلانغان ماكسۋېل تەڭلىمىلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بىردەك چىقتى ھەممە كېيىن ئەينىشتېيىن تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ يورۇغلۇق تېزلىكى ئۆزگەرمەسلىك پىرىنسىپى

بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. (كېيىنكى بەتلەردە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ) بۇ يەكۈن گالىلىي كوردىناتى ئالماشتۇرۇش پورمۇلاسىغا ۋە بۇ ئاساسىدا تىكلەنگەن ئاپسالىيۇت زامان، ماكان قارىشىغا پۈتۈنلەي زىت ئىدى.

(2) «ئېفىر» نەزەرىيىسىدىن ۋازكېچىپ ئېلېكترو ماگنىت مەيدانلىرىنى ماددا مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قاراش كېرەك دىگەن قارارغا كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ مايكىلسون تەجرىبىلىرى «دۇنياۋى ئېفىر»نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، موشۇ ئېفىرنى نورمال كوردىنات سىستېمىسى قىلىپ تاللىۋالغان كىلاسسىك فىزىكىنىڭ ئاپسالىيۇت زامان، ئاپسالىيۇت ماكان چۈشەنچىسىنىڭ خاتالىقىنى ھەم ئېچىپ تاشلىدى.(2) 1881- يىلى ئېلېكترونىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە كېيىنكى تەتقىقاتلار ئېلېكترون ھەركەتلىرىنىڭ نيوتون 2- قانۇنىنى قانائەتلەندۇرمەيدىغانلىقىنى كورسەتتى. ئېلېكترۇنىنىڭ ھەركەت قانۇنىيەتلىرىدىن شۇ نەرسە ئېنىقلاندىكى جىسىم ماسسىسى تىزلىككە مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۆزگۈرۈدىگەن. بۇ $m = \frac{m0}{1 - v^2/c^2}$، پورمۇلاسى ئارقىلىق «لورىنتىس ئۆزگەرتىش»لىرىدە يەكۈنلەندى. ($m o$ — تېنچ ماسسا دىيىلىدۇ. $v$ — جىسىمنىڭ ھەركەت تىزلىكى، $m$ - جىسىمنىڭ ھەركەت ۋاقتىدىكى ماسسىسى، $c$ - يورۇغلۇق تىزلىكى). بۇ پاكىتلار كىلاسسىك فىزىكىنىڭ «ماسسا ئۆزگەرمەيدۇ»، «ماسسا جىسىم ھەركىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز» دىگەنگە ئوخشاش قاراشلارنىڭ مىتافىزىكىلىق چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

3. نۇرلۇنۇش ھادىسىسى فۇتو-ئېلېكترىك ئېففېكتى رېنتگىن نۇرلىرىنىڭ چېچىلىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۇرۇشتە كىلاسسىك نەزەرىيىلەر ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ مۇھىم تەجرىبە قانۇنىيەتلىرىنى شەرھىلەپ بېرەلمىدى. نۇرلۇنۇش ھادىسىدىكى نۇرلۇنۇش ئىسپېكترلىرىنىڭ سىزىغلىق ھالەتتە بولۇشى، فۇتو - ئېلېكترىك ئېففېككت ھادىسىلىرىنىڭ چاستوتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى قاتارلىق ئەمەلىي پاكىتلار كىلاسسىك فىزىكىنىڭ ئېنىرگىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇش چۈشەنچىسىگە زىت ھالدا ئېنىرگىيىنىڭ ئۈزۈكلىكىنى چۈشەندۇرەتتى. رادىئاكتىۋ ئېلېمېنتلاردىن $\gamma$ . $\beta$ ، $\gamma$ زەررىلىرىنىڭ بولۇنۇپ چىقىشى، بىر ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ 2- بىر خىل ئېلېمېنت ئاتومىغا ئايلىنىشى، ئېلېمېنتلار ئارىسىدىكى توساقنى بوسۇۋەتتى ھەمدە ئاتوم يادرونىڭ بولۇنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كورسەتتى.

## تار ھەنىلىك نىسپىلىك نەزەرىيىسى

فىزىكا پىنى ئۇچراۋاتقان مۇشۇنداق جىددى كىرىزىس پەيتىدە، كىشىلەر يېڭىچە قاراش، يېڭىچە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماددا ۋە ھەركەتنىڭ يېڭى تۈرلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىشقا، چۈشەندۇرۇشكە تىرىشتى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە نىسپىلىك نەزەرىيىسى بىلەن كۋانت نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پۈتكۈل فىزىكا ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى. بۇنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەن چوڭ بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئەڭ ئالدى بىلەن كىلاسسىك فىزىكىنىڭ زامان، ماكان توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش زورۇر بولۇپ قالدى. بىرىنچى بولۇپ لورىنتىس ھەركەتتىكى جىسىمنىڭ ئۇزۇنلىقى ئۆزگۈرۈدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزىيەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنرەك 1905- يىلى ئەينشتېيىن تەرىپىدىن ماكان، زاماندىن ئىبارەت ئاساسىي چۈشەنچىلەرگە

سوۋېت جەھەتتىكى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ تار مەنىلىك نىسپىلىك نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئىككى پرىنسىپى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

(1) تارمەنىلىك نىسپىلىك پرىنسىپى: "ئۆز-ئارا تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەركەت قىلىۋاتقان بارلىق سىستېمىلار (يەنى ئىنېرتسىيال سىستېمىلار) ھەركەتنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە نىسبەتەن ھەممىسى تەڭ كۈچلۈكتۇر". بۇ ھەركەتنى تەسۋىرلەشنىڭ نىسپى مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە ئابسالىيوت تىنچ پايدىلىنىش سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(2) يورۇغلۇق تېزلىكى ئۆزگەرمەسلىك پرىنسىپى: «ئۆز-ئارا تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەركەت قىلىۋاتقان خالىغان بىر سىستېمىدا ئۆلچەنگەن يورۇغلۇق تېزلىكى ھەممىسى ئۆز-ئارا تەڭ.» بۇ-يورۇغلۇقنىڭ ۋاكۇمدىكى تېزلىكى ھەممە يولۇنۇشلەردە ئوخشاش بولۇپ، يورۇغلۇق مەنبەھەركەت تېزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دىگەنلىكتۇر. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، كىلاسسىك تېزلىك قوشۇلۇش فورمۇلاسى $u = u^1 + v$ گە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نىسپىلىك نەزەرىيە تېزلىك قوشۇلۇش پورمۇلاسى $u = \frac{u^1 + v}{1 + u \; v / c^2}$ يەكۈنلەپ چىقىلدى. پورمۇلادىكى $u$ — جىسىمنىڭ $k$ سىستېمىغا نىسبەتەن تېزلىكى، $u'$ — جىسىمنىڭ $k^1$ سىستېمىغا نىسبەتەن تېزلىكى $v$ — $k^1$ سىستېمىنىڭ $k$ سىستېمىغا نىسبەتەن ھەركەت تېزلىكى.)

كىلاسسىك تېزلىك قوشۇلۇش تېئورمىسى بويىچە ئېيتقاندا ماددا تېزلىكىنىڭ چېكى يوق. خالىغانچە چوڭ بولالايدۇ. ئەمما نىسپىلىك نەزەرىيە تېزلىك قوشۇلۇش تېئورمىسى ماددا ھەركىتىنىڭ تېزلىكى $c$ يورۇغلۇق تېزلىكىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، دىگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

مەسىلەن: بىر مۇنەۋۋەر تەنھەركەتچى $0.9c$ تېزلىك بىلەن $0.9c$ تېزلىكتە كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئۈستىدە ئالدىغا يۈگەرسە يەردىن قارىغان گۈزەتكۈچىگە نىسبەتەن تەنھەركەتچىنىڭ تېزلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

گالىلى كىلاسسىك قاراش بويىچە $u = u^1 + v = 0.9c + 0.9c = 1.8\,c$ دەپ ھىساپلاپ يورۇغلۇق تېزلىكىدىن 1.8 ھەسسە چوڭ تېزلىكتە يۈگۈرەيدۇ، دەپ ئېيتىدۇ. لېكىن ئەينشتېين بېرىشنى لىگشتىپ خاتا دەپ، تۆۋەندىكىچە: $u = \frac{0.9\,c + 0.9\,c}{1+(0.9c)(0.9c)/c^2} = \frac{1.8c}{1+0.81} = 0.995\,c$ بولىدۇ، دەيدۇ. $c = v = u'$ بولغان تەقدىردىمۇ $u = \frac{c + c}{1 + c^2/c^2} = c$ بولۇپ، ھەر قانداق

---

(بېشى 63 - بەتتە)

$$X_{\mathrm{E}} = \frac{b}{2}$$

$$y_{\mathrm{E}} = \frac{c}{2}$$

$$X_{\mathrm{E}} = \frac{(b-a)+a}{2} = \frac{b}{2}$$

$$y_{\mathrm{E}} = \frac{c}{2}$$

كېلىپ چىقىدۇ.

دىمەك $F$، $E$ ۋە $G$ نۇقتىلار ئەمىلىيەتتە بىر نۇقتىدۇر.

ئىنېرتسىيال سىستېمىدا جىسىمنىڭ تېزلىكى $c$ دىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ ، يورۇقلۇق تېزلىكى $c$ ـ ماددا ھەركىتى تېزلىكىنىڭ چېكىدۇر دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ .

يۇقۇرقى ئىككى پىرىنسىپ كىلاسسىك فىزىكىدىكى ئابسالىيۇت ماكان، زامان قارىشى بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايتتى . ئەينىشتېيىن بۇنىڭ تۈپكى سەۋىۋى « ۋاقىتنىڭ بىردەكلىكى » چۈشەنچىسى ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ « ۋاقىت بىردەكلىكىنىڭ نىسپىلىكى » نى ئوتتۇرىغا قويدى: « بىر جايدا يۈز بەرگەن 2ۋەقە بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ. لېكىن ئوخشىمىغان 2 جايدا يۈز بەرگەن 2 ۋەقە بىر ئىنېرتسىيال سىستېمىدىن قارىغاندا بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ كورۇنمەيدۇ . زامان كوردىناتىمۇ ماكان كوردىناتىغا ئوخشاش نىسپىدۇر . ھەممە سىستېمىلارغا ئورتاق ئىشلىتىدىغان «ئاپسالىيۇت سائەت » مەۋجۇت ئەمەس . ھەر قايسى ئىنېرتسىيال سىستېمىلار«ئۆزىنىڭ سائىتى ئارقىلىق» ۋاقىتنى ئولچىشى كېرەك». رۇشەنكى بۇ قاراش بۇرۇنقى « ئەنئەنىۋى » كىلاسسىك مېخانىكا قارىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىدۇر.

يۇقۇرقى ئىدىيىلەر ئاساسىدا ئەينىشتېيىن 1 ـ بولۇپ « زامان ، ماكان بىردەكتۇر ، ئۇلارنىڭ ماددا ھەركىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار » دەپ چۈشەندۈرۈپ، تار نىسپىلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئاتاغلىق « سىزغۇچ قىسقىراش » « سائەت ئاستىلاش » ئېففېكتىنى ئوتتۇرىغا قويدى . يەنى : گۈزەتكۈچىگە نىسبەتەن ھەركەت قىلىۋاتقان سىزغۇچ(ئۇزۇنلۇق ئولچىمى)ۋەسائەت (ۋاقىت ئولچىمى) گۈزەتكۈچىگەنىسبەتەن تىنچ تۇرغان سىزغۇچ ۋەسائەتكە ئوخشاش ئەمەس، سىزغۇچ ۋە سائەتلەر ئوزگەرمەس ئولچەملىكلەر ئەمەس، بەلكى كوردىنات سىستېمىسىنىڭ تاللىنىشىغا باغلىق ھالدا ئوزگۈرىدۇ، دەپ خۇلاسىلىدى. مەسىلەن: يۇقۇرى تېزلىكتە ئۇچىۋاتقان سىزغۇچ ئۈستىدە تۇرۇپ ئولچەنگەن سىزغۇچ ئۇزۇنلىغى يەردە تۇرۇپ ئولچەنگەن سىزغۇچ ئۇزۇنلىغىغا قارىغاندا قىسقا بولۇپ چىقىدۇ. يۇقۇرى تېزلىكتە ھەركەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ سائىتى تىنچ گۈزەتكۈچىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاستا كورۈنىدۇ.

تارمەنىلىك نىسپىلىك نەزەرىيىسى يۇقۇرقى يەكۈنلەر ئاساسىدا يىغىنچە بىر خىل ماكان، زاماننىڭ كوردىنات ئالماشتۇرۇش پورمىلاسىنى تىكلىدى. يەنى:

$$x' = \frac{x - V.t}{\sqrt{1 - V^2/c^2}}$$

$$y' = y$$

$$z' = z$$

$$t = \frac{t - \frac{V}{c^2}\, x}{\sqrt{1 - V^2/c^2}}$$

( $x'$ ، $y'$ ، $z''$ ، $t'$ لار $k'$ كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن ماكان، زامان كوردىناتلىرى.

$x$، $y$، $z$، $t$ ، لار $k$ كودىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن ماكان، زامان كوردىناتلىرى،

$V$ ـ $k'$ نىڭ $k$ كوردىنات سىستېمىسىغا نىسبەتەن تېزلىكى)

بۇ پورمىلا لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇش پورمىلاسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پورمىلا مۇھىمى يورۇغلۇق تېزلىكى ئوزگەرمەسلىك پىرىنسىپىغا ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان، شۇڭا پورمىلا نەتىجىلىرى بىلەن نىسپىلىك پىرىنسىپى بىردەكتۇر. بۇنىڭ كىلاسسىك مېخانىـ

كىندىكى گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇش بىلەن بولغان مۇھىم پەرقى ـ گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇشىدا $t' = t'$ دۇر. لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇشىدا ۋاقىت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ماكان كوردىناتىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەل شۇ نۇقتىدا "بىردەك ۋاقىتنىڭ نىسپىيلىكى» گەۋدىلەندۈرۈلگەن، زامان ئاپسالىيوت ئەمەس بەلكى ماكان بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن. شۈبھىسىزكى بۇ ماكان ـ زامان قارىشىدىكى چوڭ ئىسلاھاتتۇر.

## نىسپىيلىك نەزەرىيە مېخانىكىسى

نىسپىيلىك پرىنسىپى لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇشىغا ناھايىتى چوڭ مەنا بېرىپ، "تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر قانداق قانۇنلار لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇش پورمىلاسىغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەستۇر» دەپ خۇلاسىلىدى. ئەسلىدە كىلاسسىك مېخانىكا تەڭلىمىلىرى گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇشتىمۇ ئۆزگەرمەس ئىدى. لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇش گالىلېي كوردىنات ئالماشتۇرۇش ئورنىنى ئىگەللىگەندە ئەلۋەتتە مېخانىكا ھەركەت تەڭلىمىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىلا ئاندىن لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇش ئاستىدىمۇ ئۆزگەرمەسلىككە ئىگە بولالايدۇ. بۇ ھەقىقى نىسپىيلىك پرىنسىپىنى قانائەتلەندۈرىدىغان مېخانىكا ھەركەت تەڭلىمىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك دېگەن سۆزدۇر.

كىلاسسىك مېخانىكىدىكى نيۇتۇن ھەركەت تەڭلىمىلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن ئىدى.

$$F_x = m_0 a_x = m_0 \frac{d^2x}{dt^2} = \frac{d}{de}\left(m_0 \frac{dx}{dt}\right) = \frac{d}{dt}(m_0 V_x) = \frac{d}{dt} d_x \quad (1)$$

ئومۇمى ھالدا ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقتىكى ھەركەتنىڭ تەڭلىمىسى $\vec{F} = \frac{d}{dt} \cdot \vec{P}$ بولۇپ، جىسىم ئۇچرىغان سىرتقى كۈچ ئۇنىڭ ھەركەت مىقدارىنىڭ ۋاقىتقا نىسبەتەن ئۆزگىرىش چاپسانلىقىغا تەڭدۇر. ھەركەت مىقدارى ئىنتايىن مۇھىم فىزىك مىقدار بولۇپ، ئېلېكترون ۋە ئاساسىي زەررىچىلەر ئۈستىدىكى تەجرىبىلەر، يۇقىرى تېزلىك شارائىتىدىمۇ ھەركەت مىقدارىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ساقلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، ھەركەت مىقدارى ساقلىنىش قانۇنىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئومۇمى قانۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ تەجرىبە پاكىتلىرىغا ھەممە نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە لورېنتس ئالماشتۇرۇشىغا نىسبەتەن ھەركەت مىقدارى ساقلىنىش قانۇنى ئۆزگەرمەسلىك لازىم دېگەن تەلەپكە ئاساسەن، نىسپىيلىك نەزەرىيە تېزلىك ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى قوللىنىش ئارقىلىق توۋەندىكى ماسسا ـ تېزلىك مۇناسىۋەت پورمىلاسى.

$$m = \frac{m_0}{\sqrt{1-(V/c)^2}} \quad (2)$$

نى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

($m_0$ ـ جىسىمنىڭ نىسپىي تىنچ سىستېمىدا ئۆلچەنگەن ماسسىسى بولۇپ تىنچ ماسسا دېيىلىدۇ.)

نىسپىيلىك نەزەرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇنە تىجىنى ئېلېكترون ۋە باشقا ئاساسىي زەررىچىلەر ھەركەتلىرىدە تولۇق ئىسپاتلىنىپ تولۇق ئېتىراپ قىلىندى. يۇقۇرقى ماسسا ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا

ئاساسەن نىسپىلىك نەزەرىيە مېخانىكىسىنىڭ ئاساسى تەڭلىمىسىنى مۇنداق يېزىش مۇمكىن.

$$F = \frac{d}{dt}\left(\frac{m_0}{\sqrt{1-(V/c)^2}}\right) = \frac{d(mV)}{dt} = \frac{dp}{dt} = V\frac{dm}{dt} + m\frac{dV}{dt} \qquad (3)$$

دېمەك نىسپىلىك نەزەرىيە مېخانىكىسىدىكى ھەرىكەت مىقدارى: $p = mV$ گە تەڭدۇر.

پورمىلا (2) دىن كورۇنۇپ تۇرىدۇكى $c \gg V$ ئەھۋالدا ماسسىنى ئۆزگەرمەس $m$ گە تەڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ھالدا يۇقۇرقى پورمىلا (3) كىلاسسىك مېخانىك ھەرىكەت تەڭلىمىلىرىگە ئايلىنىدۇ.

نىسپىلىك نەزەرىيىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم كورۇنەرلىك نەتىجىسى - ئىنتايىن مۇھىم بولغان ماسسا ئېنېرگىيە ئېقىۋالېنتىسىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىپ ئاتوم ئېنېرگىيە دەۋرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. تۆۋەندە ئاددىراق ھالدا بۇنى كەلتۇرۇش مۇمكىن.

جىسىم تېزلىگى تۆۋەن تېزلىك ۋاقتىدا يۇقۇرقى ماسسا-تېزلىك مۇناسىۋەت پورمىلاسىنى تۆۋەندىكىدەك... $\frac{V}{c}(\ll 1)$ نىڭ دەرىجىلىك يىلىمىسىغا يېيىش مۇمكىن.

$$m = m_0\left(1 - \frac{V^2}{c^2}\right)^{-\frac{1}{2}} = m_0\left(1 + \frac{1}{2}\frac{V^2}{c^2} + \cdots\cdots\right)$$

ھەممە ئەزاغا يەنە $c^2$ نى كوپەيتسەك:

$$mc^2 = m_0c^2 + \frac{1}{2}m_0V^2 + \cdots\cdots$$

بۇنىڭدىكى 2 - ئەزا $\frac{1}{2}m_0V^2$ دەل بىزنىڭ كىلاسسىك مېخانىكىسىدىكى ھەممىمىزگە تونۇش بولغان جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىدۇر. يەنى: $T = \frac{1}{2}m_0V^2$ (4)

ئۇ ھالدا يۇقۇرقى پورمىلارنى $E = mc^2 = m_0c^2 + \frac{1}{2}m_0V^2 = E_0 + T$ دەپ قاراش مۇمكىن. يەنى ھەرىكەتتىكى جىسىمنىڭ ئېنېرگىيىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپىدۇ. بىرسى ھەرىكەت ۋاقتىدىكى ($V \neq 0$) ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $T$، يەنە بىرسى تىنچ ($V = 0$) ۋاقتىدىكى ئېنېرگىيىسى $E_0$، $E_0$ - تىنچ ئېنېرگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. تىنچ ئېنېرگىيە-بۇرۇنقى كىلاسسىك مېخانىكىدا يوق بولغان يېڭى چۈشەنچە بولۇپ، مىكراسكوپىك تىنچ تۇرغان جىسىم ئەمەلىيەتتە ئىچكى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ۋە ئىچكى پاتىنسىيال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق شەكىلدىكى ئېنېرگىيىلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان تېچ ئېنېرگىيە، $E$ گە ئىگىدۇر.

جىسىمنىڭ تېزلىگى $V$ كىچىك بولمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى - $E$ بىلەن $E_0$ نىڭ ئايرىمىسىغا يەنى ئېنېرگىيىنىڭ ئارتتۇرمىسىغا تەڭدۇر.

$$T = \triangle E = E - E_0 = (m - m_0)c^2 = \triangle mc^2 \cdots\cdots$$

دېمەك جىسىم ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى $T$، ماسسا ئارتۇرسى $\triangle m$ گە بىۋاستە توغرى پىراپورتسىنالدۇر بۇ — ھەر قانداق ئېنېرگىيىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ياكى چىقىرىلىشى چوقۇم ماسسىنىڭ ماس ئارتىشى ياكى كېمىيىشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ.

$\triangle E = \triangle mc^2$ پورمىلاسى ماسسا، ئېنېرگىيە مۇناسىۋەت قانۇنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان موھىم پورمىلا بولۇپ، ئادەتتە ماسسا — ئېنېرگىيە ئېقىۋالېنتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتوم ئېنېرگىيىسىنىڭ سىرىنى ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. رادىئاكتىۋلىق يېمىرىلىش ۋە

ئاتوم يادرو رېئاكسىيىلىرى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ توغرىلىقىنى 0.0035% ئېنىقلىق بىلەن ئىسپاتلىدى . هەر قانداق رېئاكسىيە جەريانىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېنېرگىيە ساقلىنىدۇ. پەقەت بىر خىل شەكىلدىن 2 ـ بىر خىل شەكىلگە (مەسىلەن: يادرو ئىچىدىكى ئېنېرگىيە يادروسىرتىدىكى هەركەت ئېنېرگىيىسىگە ) ئايلىنىدۇ. ماسسىمۇ ساقلىنىدۇ . لېكىن شەكىلدە پەرقلەر بولىشى ( مەسىلەن : تېچ ماسسا هەركەتتىدىكى ماسسىغا ئۆزگۈرۈشى ) مۇمكىن . لېكىن هەرقانداق ماسسا ئۆزگۈرۈشىدە ئەينى ۋاقىتتا ماس ئېنېرگىيە ئۆزگۈرۈش بولىدۇ . هەر قانداق ئېنېرگىيە ئۆزگۈرۈشىدىمۇ ماس ماسسا ئۆزگۈرۈش بولىدۇ . شۇڭا يېپىق سىستېمىدا ماسسا ساقلىنىش بىلەن بىرگە ئېنېرگىيەمۇ ساقلىنىدۇ . مانا بۇ ماسسا — ئېنېرگىيە ساقلىنىش قانۇنى دېيىلىدۇ.

نىسپىلىك نەزرىيە مېخانىكىسى يەنە ئېنېرگىيە بىلەن هەركەت مىقدارى مۇناسىۋىتىنى يەكۈنلەپ تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىپادىلىدى :

$$E^2 - p^2 c^2 = m^2 c^4$$

بۇ پورمىلا ئاساسىي زەررىلەر هەركەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇهىمدۇر . ئۇنىڭدىن باشقا نىسپىلىك نەزرىيىسى لورېنتس ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ئۆزگەرمەيدىغان ، هەركەت مىقدارىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى، هەركەت مىقدارى مامېنتى ساقلىنىش قانۇنى قاتارلىقلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى .

ئاخىردا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، تار نىسپىلىك نەزرىيىسى يۇقۇرى تېزلىكتىكى هەركەت قىلىۋاتقان جىسىملارنىڭ مېخانىك قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىپ يېڭى زامان ، ماكان چۈشەنچىسىنى قۇرۇپ بەردى. ماسسا بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ بەردى . بۇندا تۆۋەن تېزلىك ئەھۋاللىرىدا لورېنتس كوردىنات ئالماشتۇرۇش ، گالىلى كوردىنات ئالماشتۇرۇش پورمىلاسىغا ئايلىنىدۇ . نىسپىلىك نەزرىيە مېخانىكىسىنىڭ هەركەت قانۇنلىرى كىلاسسىك مېخانىكا هەركەت قانۇنىيەتلىرى پورمىلاسىغا ئايلىنىدۇ . دېمەك كىلاسسىك مېخانىكا پەقەت تۆۋەن تېزلىكتىكى ئەھۋاللارنىڭ يېقىنلاشقان قانۇنىيەتلىرىدۇر . تار نىسپىلىك نەزرىيىسى يۇقۇرى تېزلىكتىكى هادىسىلەرنىڭ ئىلمىي قانۇنىيىتىدۇر.

ئەلانۇر نىياز.



# ئەينىشتېين ۋە ئاتوم بومبىسى

1905 - يىلى 26 ياشلىق بىر قىران يىگىت ئۆزىنىڭ نەزىرىيە فىزىكىسىغا ئائىت دىسسىرتاتسىيە ماقالىلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوقتىئىنەزەرلەر كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە پۈتكۈل جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ يېقىنقى زامان فىزىكا ئىلمىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالدى. بۇ يىگىت دەل ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ئەينىشتېين ئىدى.

ئەينىشتېين يازغان ماقالىلار مەزمۇن جەھەتتە تار نىسپىيلىك نەزىرىيىسى ھەمدە بىروئۇن ھەرىكىتى توغرىسىدىكى نەزىرىيىۋى بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ نەزىرىيىنىڭ كېيىنچە ئاتوم بومبىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن كەڭ دائىرىلىك پايدىلىنىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن.

ئەينىشتېين ئۆزىنىڭ تار نىسپىيلىك نەزىرىيىسىدە ماسسا ئېنېرگىيە ئېكۋىۋالېنتلىقى توغرىسىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە بۇنىڭ بىلەن كىلاسسىك نيۇتون مېخانىكىسىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماسسا بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ ئۆز - ئارا ئالمىشىش مۇناسىۋىتىنى يۈرەكلىك بىلەن شەرھىلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتوم يادروسىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە بىرىكىشىدىن غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۈچۈن نەزىرىيىۋى ئاساس يارىتىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەينىشتېين 1922 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەينىشتېيننىڭ ماسسا ئېنېرگىيە ئېكۋىۋالېنتلىقى توغرىسىدىكى يەكۈننى جىسىمنىڭ ئېنېرگىيىسى ئۇنىڭ ماسسىسى بىلەن يورۇغلۇق تېزلىكى كۋادراتىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ ($E = mc^2$) دىگەن فورمۇلا بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ فورمۇلا بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بىرىدۇكى، ماسسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگۈرۈش يۈز بەرسە، مۇقەررەر ئۇ ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگۈرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەگەر ئاتوم يادروسىدا يىمىرىلىش ياكى بىرىكىش رېئاكسىيىسى يۈز بەرسە، ماسسىنىڭ بىر قىسمى يوقۇلۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭدىن چىققان ئېنېرگىيە يوقالغان ماسسا بىلەن يورۇغلۇق تېزلىكى كۋادراتىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ. يورۇغلۇقنىڭ بىر سېكونتتىكى تېزلىكى 300 مىڭ كىلو مېتىر، بۇ سان ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ يەنە بىر قېتىم كۋادراتقا كۆتۈرۈلسە تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ماسسىدا ئازغىنە ئۆزگۈرۈش يۈز بەرسىلا، ئۇ ئۆزىدىن ناھايىتى زور ئېنېرگىيە چىقىرالايدۇ. بۇ ئاتوم بومبىسى پارتلىغان چاغدىكى ئەھۋالدۇر. ھېساپلاشلاردىن مەلۇمكى، بىر گىرام ئۇران ($U$ 235) دا ئەگەر تولۇق يادرولۇق يىمىرىلىش يۈز بەرسە ئۇنىڭدىن چىققان ئېنېرگىيە ئالاھىزەل 250 كىلوگىرام ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈرنى كۆيدۈرگەندە ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان پارتلىتىش كۈچى 200 توننا تىئېنتېلىق پارتلاش دورىسىغا باراۋەر كېلىدۇ. ماسسا ئېنېرگىيە ئېكۋىۋالېنتلىقى نەزىرىيىسى ماسسىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بىر قانۇن قىلىپ تۈزۈدۇ.

ئـۇ ئـاتـوم بـومـبـىـسـى، ۋودۇرۇد بـومـبـىـسـى يـاسـاش ھـەمدە
ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بىرى، ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش جەھەت -
تە نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكىچە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار بولدى. يادرو قورالللىرىنى ئېلىپ
ئېيتقاندا، ئۇ ئاتوم بومبىسىدىن ۋودۇرود بومبىسىغا، ئاندىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ نېترون بوم-
بىسىغىچە تەرەققى قىلىپ «3 ئەۋلات»لىق بولۇپ قالدى. مانا بۇ تەرەققىيات جەريانىدا، نۇر -
غۇن ئالىملار ئۆز تۆھپىلىرىنى تەقدىم قىلدى.

بەزى ئالىملار 1900 - يىلىلا ئاتومنىڭ ئاددىي، يەككە - يىگانە ۋە پارچىلانمايدىغان زەر-
رىچە ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇلاردا ئاتوم يادروسىنىڭ سىرلىرىنى ئې -
چىپ تاشلاشتا ئۈنۈملۈك تەدبىر كەمچىل ئىدى.

1932 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى Z . چادۋىك نېتروننى تاپتى. بۇ كەشپىيات
فىزىكا ئالىملىرىنى ئاتوم يادروسىنى ئېچىشتا بىر ئاچقۇچقا ئىگە قىلدى. چۈنكى زەررەتسىز
نېترون ناھايىتى ئاسانلا ئاتوم يادروسى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاتوم يادروسىدا ماسسا ئۆزگە -
رىشى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالىملار نېترون ئارقىلىق تۈرلۈك ئېلېمېنتلارنىڭ
ئاتوم يادروسىنى بومباردىمان قىلغاندا قانداق رېئاكسىيىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا
بەس - بەس بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن
ناھايىتى مۇھىم بىر كەشپىيات ۋۇجۇتقا كەلدى. گېرمانىيىنىڭ خىمىيە ئالىملىرىدىن A خائېن
ۋە شتىرىسمانلار ئۆزلىرىنىڭ 1938 - يىلى ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق تەجرىبىسىدە نېترون
بىلەن ئۇران ئاتومىنى بومباردىمان قىلىپ كورۇۋىدى ئاقىۋەت، ئۇلار بومباردىمان قىلىشتىن
كېيىن ھاسىل بولغان بارى (Ba)نى تاپتى. بارىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇران ئېغىرلىقىنىڭ يېرى -
مىغىلا تەڭ بولۇپ چىقتى. بۇ، ئۇراننىڭ ئاتوم يادروسى نېترون بىلەن بومباردىمان قىلىنغان-
دىن كېيىن، ئۇران ئاتومى يادروسىنىڭ ئاجىزلىشىپ پارچىلانماي بەلكى شىددەتلىك يىمىرى-
لىدىغانلىقىنى، يىمىرىلىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىدىن ئېنېرگىيە چىقىرىدىغانلىقىنى چۇ -
شەندۈرۈپ بەردى.

يادرونىڭ يىمىرىلىش ھادىسىسى توغرىسىدىكى بۇ كەشپىياتقا دەسلەپتە ھەتتاكى خائېن
ئۆزىمۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالماي قالغان ئىدى. نـاسىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ شى-
ۋىتسىيىدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئاۋستىرىيىلىك ئايال ئالىم مېيتنېر بۇ ئىشتىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەجرىبە ئۆتكۈزدى. نەتىجىدە، ئۇران پارچىلانغاندىن
كېيىن، بىر قىسىم ماسسىنىڭ ئېنېرگىيىگە ئايلىنىپ كىتىشى بىلەن ئومۇمى ماسسىدا سەل -
پەل ئۆزگىرىش (كېمىيىش) بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ تەجرىبە ئەينىشتېيننىڭ ماسسا
ئېنېرگىيە ئېكىۋالېنتلىقى توغرىسىدىكى پىرىنسىپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

دانىيىنىڭ ئاتاغلىق ئاتوم فىزىكىسى ئالىمى N. بورنىڭ مېيتنېر ئىشلىگەن تەج-
رىبىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى دەل ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ بىر
قېتىملىق نەزەرى فىزىكا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى، يىغىندا، بور
ئەينىشتېين ۋە باشقا نەزەرى فىزىكا ئالىملىرى بىلەن كورۇشتى. ئۇلار بور ئارقىلىق مېت-
نېرنىڭ تەجرىبىسىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، بۇنى ئاتوم فىزىكىسى تەتقىقاتى جەھەت-
تىكى زور ۋە مۇھىم بوسۇش،دەپ ھىساپلاشتى. ئىتالىيىنىڭ ئاتاغلىق فىزىكا ئالىمى E.فىر -
مىي ۋە باشقا ئالىملار دەرھال مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئاتوم يادروسى يىمىرىلىش جەر -
يانىدا،ئېھتىمال نېترونىڭ نۇرچېچىشىغا ئەگىشىپ ھەركەت قىلىشى مۇمكىن. يېڭىدىن پەيدا بولغان

نېترونلار يەنە تېخى پارچىلانمىغان ئۇران ئاتومىنى داۋاملىق بومباردىمان قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال خۇددى مۇشۇ تەرتىپتە دەۋرى ھالدا داۋام قىلىپ زەنجىرلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ، غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ. ئارقىمۇ - ئارقا يۈز بەرگەن بۇ خىل يېمىرىلىش زەنجىرسىمان رېئاكسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.




يادرولۇق يېمىرىلىشنىڭ زەنجىرسىمان رېئاكسىيىسى

يېمىرىلىش ھادىسىنىڭ تېپىلىشى- يېمىرىلىشتىن نېترون كېلىپ چىقىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ زەنجىرسىمان رېئاكسىيىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەز يېقىنقى قاتناشقان ئالىملارنىڭ ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى. نۇرغۇن ئالىملار يېقىنىنىڭ

رەسىمدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەگەردە دەسلەپتە بىر دانە نېترون، بىر دانە ئۇران يادروسىغا تېگىپ، بۇ يادرودا يېمىرىلىش ھاسىل قىلسا ھەمدە 3 دانە يېڭى نېترون پەيدا قىلسا، ئۇھالدا بۇ 3 دانە نېترون يەنە 3 دانە ئۇران يادروسىنى يېمىرىپ 9 دانە نېترون پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ 9 دانە نېترون يەنە 3 دانە ئۇران يادروسىنى بىمىرىپ 9 دانە نېترون، پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ 9 دانە نېترون يەنە باشقا 9 دانە ئۇران يادروسىدا يېمىرىلىش ھاسىل قىلىپ 27 دانە نېترون پەيدا قىلىشى مۇمكىن. دېمەك ھەر بىر ئەۋلاد يېمىرىلىشتە پەيدا بولغان يېڭى نېترون ئالدىنقى يېمىرىلىشتە بارلىققا كەلگەن نېترون سانىدىن كۆپ بولىدۇ. رېئاكسىيە ئاپتوماتىك ھالدا بارغانسېرى تېز داۋاملىشىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1كىلوگىرام ئۇران (U235) تەخمىنەن 300 ئەۋلاد يېمىرىلىش ئارقىلىق ئاندىن يېمىرىلىپ بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ يېمىرىلىش ئۈچۈن پەقەت $\frac{1}{1.000000}$ سېكونت ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇران يادروسى يېمىرىلگەندە پەيدابولغان يېڭى نېتروننىڭ رېئاكسىيىسىنى ئاپتوماتىك داۋاملاشتۇرۇش جەريانى خۇددى بىر ھالقىنى يەنە بىر ھالقىغا ئۇلاپ ھاسىل بولغان زەنجىردىن قالغان بىرسىنى كۆتەرسە پۈتكۈل زەنجىر مىدىرلىغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. شۇڭا بۇ يادرولۇق يېمىرىلىشنىڭ زەنجىرسىمان رېئاكسىيىسى دەپ ئاتالغان. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، رەسىمدە ھەر بىر ئەۋلاد يېمىرىلىشتە ھەر بىر يادرودىن 3 دانە يېڭى نېترون پەيدا بولىدىغانلىقى مىسال قىلىندى. ئەمەلى رېئاكسىيىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر ئارقىسىدا ھەر بىر ئەۋلاد يېمىرىلىشتە پەيدا بولغان يېڭى نېترون سانى 3دىن ئاز، 1,2 دانە ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئاياقلىشىشنى كۈتمەستىنلا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆز تەجرىبىخانىلىرىغا ئۇزۇن يوللۇق تېلفۇن بېرىپ ئۆز ياردەمچىلىرىگە دەرھال تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ يېمىرىلگەن نېتروننى ئىزدەشنى بۇيرۇدى. ئاتوم بومبىسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئاتىسى» بولغان ئەينىشتېيىن، فېرمى، برتراند گولشمىدت... قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پەرىزى ناھايىتى تېزلا ھەر قايسى تەجرىبىخانىلاردا ئىسپاتلاندى.

نېتروننىڭ تېپىلىشى ۋە يېمىرىلىش ھادىسىسىنىڭ سېزىلىشى ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشنى رېئال ۋە ئۇمۇتلۇك مەنزىرىگە ئايلاندۇردى. بۇ ئىككى مۇھىم كەشپىياتنى ياراتقان چادۋىك بىلەن خائىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 30- يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇغلۇغىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاپ كەتتى. 2- دۇنيا ئۇرۇشى ھەدىسىلا پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. گېرمانىيە ئالىملىرىنىڭ يادرونىڭ يېمىرىلىش ھادىسىسىنى بىرىنچى بولۇپ تاپقانلىقى ناسىستلار گېرمانىيىسى سىرتىدىكى ئالىملاردا چوڭقۇر غەم - ئەندىشە پەيدا قىلدى. ئۇلار گېتلېرنىڭ ئاتوم ئىلمى توغرىسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پايدىلىنىپ يادرو قورالنى بىرىنچى بولۇپ ياساپ چىقىشىدىن ئەنسىرەشتى. (دېمىسىمۇ، يېمىرىلىش ھادىسى 1939- يىلى ئالدى بىلەن گېرمانىيىدە سېزىلىپ، كېيىنچە دانىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىدا ئىسپاتلانغان. ئۇندىن باشقا، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ نورۋېگىيىدىكى ئېغىر سۇ زاۋۇدىنى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ئامېرىكىلىقلارنى چۆچۈتۈپ، ئۇلارنى گېرمانىيىلىكلەر ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئامېرىكىنىڭكىدىن كۆپ ئالدىدا تۇرسا كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويغان).

ئالىملار بۇ جەھەتتە گېرمانىيىدىن ئىلگىرى تۇرۇشنى تالىشىش، ئاتوم بومبىسى ياساپ چىقىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاتوم بومبىسىنىڭ بىر قېتىملىق بالايى - ئاپەتتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلىدى. لېكىن بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ كېتەتتى ھەرگىز ئاسانلا ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇ ۋاقىتتا فاشىزىمغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر ئىچىدە ئامېرىكا ئىقتىسادى ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتە تولۇق شەرت - شارائىتقا ئىگە بولغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئاتومنىڭ يېمىرىلىشى ۋە زەنجىرسىمان رېئاكسىيە دېگەنلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئاز ساندىكى نەزەرىيەۋى فىزىكا ئالىملىرىدىن باشقا ئېلىم - پەن ساھەسىدىكىلەردىن چۈشىنەلەيدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئاتوم ئىلمىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئېغىزغا ئېلىپ ئۇلتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن بىر تالاي ئەگرى - توقايلىقلار باشتىن ئۆتتى.

بۇ ئىشتا، ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان فېرمى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ 1939- يىلى مارتتا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاتوم قورالىنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەندۈردى ۋە ھەربى تەرەپنىڭ پۇل چىقىرىپ ئىقتىسادى جەھەتتە مەدەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەربى ئەمەلدارلار فېرمىنىڭ تونۇشتۇرغانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنى بىر يېڭىلىق دەپ ھېس قىلىشقان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار راستىنلا قۇدرىتى مۇشۇنداق زور بومبىنى ياساپ چىقماقچى بولۇش غايىۋانە قۇرۇق خىـ

يال بولۇپ قالارمىكىن، دەپ قاراشتى، تەكلىپمۇ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇلدى. گەرچە ھەربى تەرەپنىڭ پوزىتسىيەسى ئەنە شۇنداق بولسىمۇ ئالىملار بۇ ئىش ئۈچۈن داۋاملىق يول ماڭدى. شۇ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىر دىمىق كېچىسى ۋېنگىرىيە قان سىستېمىسىدىن بولغان ئامېرىكا فىزىكا ئالىمى ئىدۋارد تېللېر ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ سىلارد بىلەن بىللە ئەينشتېيننىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ ئىككەيلەن ئەينشتېينگە ئامېرىكا فرىزدىنتى روزۋېلىتقا بىۋاستە خەت يېزىپ مۇراجىئەت قىلىشنى ئۆتۈندى . ئەينشتېين ئۇلارنىڭ تەكلىۋىگە قېتىلدى ۋە ئۆز قارىشىنى تىللىرغا نىمىسچە بايان قىلدى. سىلارد نىمىسچە يېزىلغان ئاغزاكى خاتىرىگە ئاساسلىنىپ ئىككى پارچە ئېنگلىزچە خەت تەييارلاپ چىقتى. تەييارلانغان بۇ ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرسى ئۇزۇن، بىرسى قىسقا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەينشتېيننىڭ بۇ خەتتىن بىرسىنى تاللىۋېلىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئەينشتېين ئۇزۇن يېزىلغان خەتنى تاللىۋالدى.

ئەينشتېين ئۆزىنىڭ بۇ خېتىدە ئامېرىكا فرىزدىنتىغا شۇ ۋاقىتتا فىزىكا ئىلمىدا بولغان زور بۇسۇش ۋە بۇ بۇسۇشنىڭ ھەربى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال ئاتوم بومبىسى ياساشقا تۇتۇش قىلىشنى تەكلىپ قىلدى ھەمدە بۇ ئىشتا گېرمانىيىدىن كېيىن قالغاندا كېلىپ چىقىدىغان قورقۇنۇچلۇق ئاقىۋەتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. سىلارد ئەينشتېيننىڭ بۇ خېتىنى ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى بىر پارچە ئەسلەتمە بىلەن قوشۇپ فرىزدىنت روزۋېلتنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى دوستى دوكتور ئالېكساندىر.ساكسقا بېرىپ ئۇنىڭغا فرىزدىنتقا يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلىدى. شۇ يىلى 11- ئۆكتەبىردە دوكتور ساكس ئەينشتېيننىڭ بۇ خېتىنى روزۋېلىتقا بىۋاستە تاپشۇرۇپ بەردى.

ئىلىم - پەن ساھەسىدە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان ئەينشتېين ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان بۇ خەت ئامېرىكا فرىزدىنتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. روزۋېلت ئەينشتېيننىڭ خېتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپكە بىنائەن بىر كومىتېت تەيىنلەپ، ئاتوم قورالى تەتقىقاتىغا مەسئۇل قىلدى. ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 21- ئۆكتەبىردە بۇ كومىتېت تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئاچتى.

1940- يىلى فېۋرالدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتىپ دەسلەپكى تەتقىقاتنى باشلىدى. ئەنەشۇ يىلى ئامېرىكا تەرەپ گېرمانىيە ئالىملىرىنىڭ ئاتوم بومبىسى توغرىسىدا ئوخشاشلا تەتقىقات باشلىۋەتكەنلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيە ئالىملىرىنىڭمۇ پائال ئىزدىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. 1941- يىلى فرىزدىنت روزۋېلىت ئاتوم بومبىسىنى كەڭ كۆلەمدە ياساش توغرىسىدىكى بىر پىلانغا تەستىق سالدى. 2- كۈنى ياپونىيە فرىل- خاربور (جىنجوگاڭ) ئارىلىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىلىپ 2- جاھان ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش پائالىيىتى 1942- يىلى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. شۇ يىلى ئىيۇلدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئاتوم تەتقىقاتى ئورگانلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئامېرىكا ئۇرۇش قىلىش مىنىستىرلىكى "مەنغالون" قۇرۇلۇش باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلدى. كىشىنىڭ ھېچقانداق دىققەت - ئېتىۋارىنى تارتمايدىغان بۇنداق شەرتلىك بەلگىنى قوللىنىشتا تامامەن مەخپىيەت-

لىكنى ساقلاش كوزدە تۇتۇلغان. بىراق بۇ ئىشتا، نەزىرىيەدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش هەرگىز
ئاسانغا چۈشمىدى. تەخمىنەن 3يىل ۋاقىت ئىچىدە تېخنىكا ۋە تەجرىبە جەھەتتىكى ئىشلارىر-
ىرلەپ ئورۇنلاندى.

## ئۇران رېئاكتورىنى بەرپا قىلىش

دۇنيا بويىچە تۇنجى ئۇران رېئاكتۇرى فىزىكا ئالىمى فىرمىينىڭ يېتەكچىلىكىدە چى-
كاگۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرپا قىلىنىپ زەنجىرلىك رېئاكسىيە ئەمىلى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلدى .
بۇرېئاكتۇر بىر قات ئۇران، بىر قات گىرافىت بولۇپ،جەمئىي 57قات قىلىپ ياسىلىپ ئۇنىۋېرسى-
تېت ۋۇتبول مەيدانىنىڭ تىگىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تاكى هازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان
" رېئاكتۇر » ياكى " قازان » دىگەن سوز ئەينى ۋاقىتتا تېلىگراممىا ئالاقىسىدا مەخپىيەتلىك-
نى ساقلاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ۋاكالەت بەلگىسى ئىدى . 1942-يىل 2- دىكابىر كۈنى بۇ
رېئاكتوردا دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىم ئادەم كونترول قىلغان ئاتوم يادروسىنىڭ يىمرىلىش-
دىكى زەنجىر سىمان رېئاكسىيە ئىشقا ئاشۇرۇلدى . شۇندىن ئېتىۋارەن ئىنسانىيەت ئاتوم
ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى .

## ساپ ئۇران ئىشلەپچىقىرىش

ئۇران يەر پوستىدا ئومۇميۈزلۈك جايلاشقان . هەر بىر توننا ئېغىرلىقتىكى تاغ جىنى-
سلىرى تەركىۋىدە تەخمىنەن ئىككى گىرام ئوپچورىسىدە ئۇران بولىدۇ . ئۇنىڭ تاغ جىنىس-
لىرى تەركىۋىدە ساقلىنىش مىقدارى ( بىر توننا ئېغىرلىقتىكى تاغ جىنىسلىرى تەركىۋىدە )
ئالتۇندىن 400 هەسسە كوپ ئورۇن ئوتىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ يەر پوستىدا
جايلىششى بەكمۇ تارقاق بولغانلىقتىن قىزىۋىلىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئۇران رودىلىرى
دۇنيادا پەقەت ئايرىم ۋە ئازغىنە رايونلاردىلا تېپىلاتتى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئورانغا بولغان
ئېھتىياج ئۇنداق جىددى ۋە كوپ بولمىغانلىغى، مۇھىمى ئىلگىرى ئورانىنىڭ هېچقانداق ئىش-
لىتىلىش ئورنى كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغانلىغى ئۈچۈن ئۇنى كوپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش
ۋە ئۇنى ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى بىرەر ئادەم تەتقىق قىلىپمۇ كورمىگەن . بۇ مەسىلە ئاجۇۋا
ئىشتاتى ئونىۋېرسىتېتىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا هەل بولدى. 1943- يىلىغا كەلگەندە ساپلىق
دەرىجىسى خېلى يۇقۇرى بولغان ئۇران كەڭ كولەمدە ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى .

## $U235$ لىك ئۇرانىنى ئاجرىتىپ چىقىش

تەبىئى ئۇران تەركىۋىدە هەر 140 ئاتۇمىنىڭ پەقەت بىرسىلا $U235$، قالغانلىرى $U233$ ،
$U239$ بولۇپ ، زەنجىرلىك رېئاكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قەدەر ئوڭاي يىمرى-
لىدىغان $U235$ لىك ئورانىنىڭ بولۇشى زورۇر ئىدى . ساپ ئوراندىن $U235$ لىك ئورانىنى ئاي-
رىۋىلىش ئۈچۈن مۇرەككەپ ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشقا ۋە ناهايىتى زور مىقداردا توك كۈ-
چى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. تىرىشىپ تەجرىبە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق $U235$ لىك ئوران-
نى ئايرىۋىلىشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇلى تېپىلدى . 1942- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا
كەلگەندە ، تېنېنىس شىتاتىنىڭ كاۋچۇكزارلىغىدا $U235$ لىك ئورانىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان
مەخسۇس زاۋۇد بەرپا قىلىندى . زاۋۇد ۋە ئۈسكۈنە ئۈچۈن كەتكەن ئىقتىسادى سەرپىيات نا-
هايىتى زور بولۇپ ، سېلىنغان مەبلەغ نەچچە يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. پۈتۈن
نيو-يورك شەهرى ئۈچۈن كېتىدىغان توك مىقدارىغا باراۋەر توك كۈچى ئىشلىتىلدى . ئا-

توم بومبىسى ياساشتا كېرەك بولىدىغان يەنە كېلىپ ئىنتايىن ئاز تېپىلىدىغان ئىككىنچى بىر خىل يېمىرىلىشچان ماتېرىيال P239 ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن كوپ مەبلەغ ۋە ئېنېرگىيە سەرپ بولدى .

1943-يىلى ئامېرىكا يېڭى مېكسىكا شتاتىنىڭ لوس ئالموس چۆلىدىكى بىر ئېگىزلىككە بىر مەخپى تەتقىقات ۋە تەجرىبە مەركىزى سېلىندى . ئاتوم تەتقىقاتى ئۈچۈن ھەۋەس بىلەن بېرىلىپ جاپالىق ئىشلىگەن ئالىملار شۇ ۋاقىتتا ئېيتقاندەك ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىستىقبالى مۇشۇ يەردە دېيىشكە بولاتتى . ( چۈنكى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا گىتلېر ئارمىيىسى لېنىنگىراد قايتىپ بېرىپ بولغان، ئالېكساندىر فورتى ئېغىزىغىمۇ يېتىپ باراي دەپ قالغان ئىدى. لېيوفولدىۋىلدىكى ئوران كانىنىڭ گېتلېرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش خەۋپىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى) . ئاتوم بومبىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان . بۇ يەردىكى تەتقىق قىلىپ ياساش ئىشلىرىغا فىزىكا ئالىمى A. خىيىم يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ساپ ئوران ئايرىپ چىقىرىش زاۋۇتىدىن يوتكەپ كېلىنگەن ئوران ئېرىتمىسىنى ساپ مېتال ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ بومباتىنى ئىچىگە قاچىلاشقا ماس شەكىلگە كەلتۈردى . ئۇنىڭ تەتقىقات ئورنى يەنە بىر يۇرۇش ئۇسكۇنە - ئەسۋاپلارنى لايىھەلەپ ياساپ ئاتوم بومبىسى ئۈستىدىكى سىناق ۋە پارتلىتىش جەريانىدىكى ئېھتىياجىنى قامدىدى . 1945 - يىل باھار پەسلىگە كەلگەندە بۇ مەخپى شەھەردە 3 دانە ئاتوم بومبىسى ياساپ پۈتتۈرۈلدى . ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈچۈن سەرپ بولغان راسخوت 20 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى .

دۇنيا بويىچە تۇنجى قېتىملىق يادرو سىنىقى 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى ئالموگىت ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا ئېلىپ بېرىلدى . شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدە ( شۇ يەرنىڭ ۋاقتى بىلەن ) پولات مۇنارىنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ئاتوم بومبىسى پارتلىدى. ئۇ پارتلىغان ۋاقىتتا پەيدا بولغان نۇر 91 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ تىزمىلىرىنىمۇ يورۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان مۇگۇسىمان ئىس ئونمىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىغا كوتىرىلدى، پولات مۇنار يۇقۇرى ھارارەتنىڭ تەسىرىدىن كويۈپ ھورغا ئايلىنىپ ئىزى-ئىزىمۇ قالمىدى. پارتلاش مەركىزىدىن 700 مېتىر يىراقلىقتىچە بولغان قۇملۇقنىڭ سىرتقى يۈزى قىززىق يالقۇنىنىڭ تەپتىدىن كويۈپ بىپايان ئەينەك زېمىن ھاسىل بولدى . دېمەك، سىناق ئاخىر مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. ئەزەلدىن كورۇلۇپ باقمىغان غايەت زور خاراپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېڭى تىپتىكى قورال شۇنىدىن ئېتىبارەن دۇنياغا كەلدى .



④ پارتلىتىش قۇرۇلمىسى

① پارتلاش دورىسى ② U235 ③ نېيترون مەنبەئى

بۇ چاغدا ، 2 - جاھان ئۇرۇشى ئاياقلىشاي دەپ

قالغان. ئامېرىكىنىڭھۇجۇمچى قىسىملىرى تىنچ ئوكيان دا ياپونىيەزېمىنىغا ھەدەپ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.8-ئاينىڭ6-كۈنى ئامېرىكىنىڭB-29 ماركىلىق يىراق مۇساپىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى گوەنداۋ ئارمىيە بازىسىدىن ئۇچۇپ نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ «نارسىدە ئوغۇل» ناملىق بىر ئاتوم بومبىسىنى ياپونىيىنىڭ گۇاڭداۋ ( خوروسىما ) شەھرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا تاشلىدى . بۇ بومبىغا U235 لىك ئوران قاچىلانغان بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر ، كەڭلىكى 0.6 مېتىر ، ئېغىرلىقى 4500 كىلوگىرام ئىدى . ئۇ تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلاپ 350 مىڭ ئاھالىسى بار بۇ شەھەرنى تامامەن خارابىزارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ( 8 - ئاينىڭ 9 كۈنى ) B -29 ماركىلىق ئايروپىلان ئىككىنچى بىر ئاتوم بومبىسىنى ياپونىيىنىڭ چاڭچى (ناگا ساكى) شەھرىگە تاشلىدى. بۇنىڭغا P235 قاچىلانغان، ئۇزۇنلۇق، ئېغىرلىق ۋە باشقا ئولچەملىرى جەھەتتە ئالدىنقىسىدىن چوڭ بولغان « سېمىز » ناملىق يادرو بومبىسى ئىدى . شۇ قېتىملىق بومباردىمان قىلىشتا ھالاك بولغانلار سانى 140 مىڭ كىشىگە يەتتى .

ئاتوم ئېنېرگىيىسى تېزپ پىرىنسىپلىرىغا ئاساس سالغۇچى ۋە ئاتوم بومبىسى ياساشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان ئەينشتېين ئەسلىدە ئېلىم - پەن بىلەن ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت كەلتۈرۈشنى، فاشىزمنىڭ جاھان مەدەنىيىتىنى خاراپلاشتۇرۇۋېتىشنى چەكلەشنى ئۈمىت قىلغان ئىدى . لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىگۇنا بەندىلەرنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ ھالاك قىلىشىغا دۇچار بولغانلىقىنى كوردى ۋە ئۇنى ياساش ۋە ئىشلىتىشنى چەكلەش يولىدا زور تىرىشچانلىق كورسۇتۇپ ئەپسۇس ئىچىدە دۇنيادىن ئۆتتى .



# قەشقەر سىفەن شۇيۈەن ئىلمىي ژورنىلى

# 喀什师院学报(维文版)

قەشقەر سىفەن شۇيۈەن ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى